# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2001 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 65 ـ سان)

باش مۇھەررىر:

ياسىن زىلال

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

يۈسۈپ ئىسھاق


## كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر


تەبرىك ۋە تىلەك ........................ ........................ ھېيتەم ھۇسەيىن (1)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


ئەينەك تاغدىكى پەرىزات...................... ...... ......... ...............توپلىغۇچى : تاجىگۈل (18)

تىكىدىغان كۆچەت ئۆرۈك ئىكەن......................... توپلىغۇچى : ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (39)

جاھاندا غەمسىز كىشى يوق ........... ...........توپلىغۇچى : ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن (40)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئىككى تەبرىك.............. ............. .......... .......... ....... ........... ... ئىمىن تۇرسۇن (5)

ئۇدۇن ساك يېزىقى ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغان يادىكارلىقلار...... ... ...... ....../تەلئەت ئوبۇلقاسىم (9)

چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ... ...پەخرىدىن ھېسامىدىن (27)


## يا ئىشەن، يا ئىشەنمە


چۈش تەبىرلىرى.......................................... ... توپلىغۇچى : مۇختار تۇردى (42)

تەبىرنامە ............ ................. .......... ...تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت (55)


## ئايدىڭ كېچىلەر


سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا................. .......... ........... ... ... توپلىغۇچى: مەمەتجان ئىسمائىل (15)

باغلىرىڭ تېرەك بوستان.......... ............... ... ...... توپلىغۇچى : مۇھەممەد ئىمىن توختى (51)


## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


قوي ھەققىدە رىۋايەت ............................ ... ... توپلىغۇچى : مەمەتتۇرسۇن مەمتىمىن (46)


## كۈلكە جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار ........................................... ..........غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (33)


## تاغدىن ـ باغدىن


كۆڭۈلدە كۆز بولسۇن................................... غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (8)(57)(26)(58)

## ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

دەرەخ تۇۋىدىكى ئىستىقامەت........ ......... غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (47)
ئادالەت ئۆلگەن..................... ......... مۇرات ئىسمائىل تەرجىمىسى(63)

ماناس.......... ............تەرجىمە قىلغۇچىلار : نۇرنىسا باقى / توختى بوبو ئىساق (61)

## يورۇق يۇلتۇزلار

تەيلور ۋە فرازېر... ..................... ئەسەت سۇلايمان (59)
تىلشۇناس لى سىن............................ يۇسۇپ ئىگەم (75)

## كۆتۈلدىن كۆتۈللەرگە

«قارانچۇق » قالتىس ............................ پەرىدە مالىك (44)

## ئادەم قولاقتىن سەمرەر

«ئابلىمىت سادىق ، ئابدۇكېرىم راخمان ئىجادىيەت ، ئىلمىي نەتىجىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى »
ئۈتكۈزۈلدى ......................... ........ ...........نۇرنىسا باقى (77)


مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى ، تۆتىنچى بېتىدىكى سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار تارتقان.
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى بېتىدىكى سۈرەتلەرنى ئابلىز ئابدۇرېھىم ، قاينام جاپپار، ئۆركەش جاپپارلار تارتقان .

## جاۋابكار مۇھەررىر: مۇختار مۇھەممەد


تەھرىرى ھەيئەت ئەزالىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ) ئابدۇكېرىم راخمان ( پروفېسسور)، ئابلىمىت سادىق ( ئالىي مۇھەررىر ) ، ئەھەت ھاشىم ( ئالىي مۇھەررىر ) ، ئەسەت سۇلايمان( دوكتور) ، ئىبراھىم مۇتىئىي( تەتقىقاتچى) ، ئىمىن تۇرسۇن ( ئالىي مۇھەررىر ) ، ياسىن زىلال ( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال

# تەبرىك ۋە تىلەك

ھېيتەم ھۇسەيىن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلەشمە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

بىز بۇگۈن خاسىيەتلىك يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدىكى ھەممە ياق ياپيېشىللىققا ئورالغان، باغۇ بوستانلار گۈل چېچەككە پۈركەنگەن، خۇشناۋا قۇشلار گۈل بەرگىلىرىنى چىشلىشىپ چۇرۇقلاشقان ئىللىق باھار پەسلىدە، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان قاينام - تاشقىنلىق پەيتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەشكىللىگەن بۇ ئەھمىيەتلىك سورۇنغا جەم بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت، ژۇرنالىستلىق، مەتبۇئاتچىلىق، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەشكىلاتچىلىق، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا تەسەددۇق قىلغان ئىككى مۆتىۋەرنىڭ يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئالىي مۇھەررىر، شائىر ئابلىمىت سادىق بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى، فولكلور تەتقىقاتچىسى ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئەھمىيەتلىك ھاياتى، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن، ئىلىم پەن ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چىن مۇھەببەت باغلاپ توختىماي ئىزدەنگەن، ئىجاد قىلغان ھارماس - تالماس روھى ۋە ئەلگە قوشقان مول تۆھپىلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئەنجۇمەن تۈزۈپ ئولتۇرۇپتىمىز.

مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىغا ۋە ھەيئەت رىياسىتىگە ۋاكالىتەن ھەمدە ئۆز نامىمدىن داڭلىق ژۇرنالىست، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتچىسى، شائىر ئابلىمىت سادىق بىلەن فولكلورشۇناس، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخماننى قىزغىن مۇبارەكلەيمەن ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، سورۇنىمىزغا ئىشتىراك قىلغان پېشقەدەم ئەدىب سەنئەتكار ئالىملىرىمىز، مۇتەخەسسىسلىرىمىزگە ۋە بۇ ئۇزۇلمەس ئېقىمغا

ئۆزلىرىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق تىلەكلىرى، ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن يېڭى دولقۇن قوشقان ياشلىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. مۇقەددەس تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ئۈچۈن كېچە كۈندۈز يۈرەك قېنىنى تۆكۈۋاتقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات سەنئەت خادىملىرىغا يالقۇنلۇق سالام يوللايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۈگۈنكى بۇ داغدۇغىلىق سورۇننى راسلىغان «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن!

خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە خەلق فولكلورى پۈتمەس تۈگىمەس زور خەزىنە، ئۇنىڭغا ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھايات ئەمەلىيىتى، تەجرىبىسى، ئۆرپ ئادىتى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى، ئالەم ۋە مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، خۇلق ـ مىجەزى، ئېستېتىك تەلپۈنۈشلىرى، مەپتۇنكارلىقى ۋە بىزارلىقى، سۆيگۈ ئەقىدىسى ۋە مۇھەببەت ـ نەپرىتى، شاد ـ كۈشادلىقى ۋە رەنجى ـ كۈلپىتى، گۈزەل ئەتىگە بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مۇجەسسەملەشكەن، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە فولكلورى خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن خەلق قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭا خەلق ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئۇزاق ۋە پارلاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئاجايىپ مول ۋە رەڭدار خەلق ئەدەبىياتى ۋە گۈزەل فولكلور مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. ئۇيغۇرلاردا فولكلورشۇناسلىق ئاز دېگەندىمۇ ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىدىن باشلانغان. مەھمۇد قەشقەرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئۈلگىلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن قىسسە ـ داستانلار، جامىئۇل ھېكايەتلەر تۈزۈلۈپ كىتابلاشتۇرۇلغان، مۇقام، مۇزىكىلار رەتلەنگەن. ئاشۇ تارىخىي، ئەقلىي مېھنەتلەر سەمەرىسىدىن بىز بۈگۈنكى كۈندە «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «فەرھاد ـ شېرىن»، «ئەمىرگۆر ئوغلى» غا ئوخشاش خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى ۋە دۇنياغا مەشھۇر ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» غا ئوخشاش تىمسالسىز مۇزىكا مەدەنىيىتىگە سازاۋەر بولدۇق. ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەتلىك، سەنئەتكار خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا زامان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە دەۋران سۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى جان بەدەل قىلىپ قوغدىدى، بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق ھەقىقىي يوسۇندا دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تېپىش بىلەن بىللە، مىللىي مەدەنىيىتىگە، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش ۋە جاھانغا تونۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىلىم مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـسەنئەت ساھەسى ھەقىقىي باھار پەسلىگە كىردى. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى قاتارىدا ئىلىم ـ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسى باھار نوتىلىرى بىلەن قاپلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت گۈل چېچەكلەرگە پۈركەندى. پېشقەدەم شائىر ۋە ژۇرنالىست ئابلىمىت سادىق، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلىستانلىقىمىزدا ئۆسۈپ يې-

تىلگەن ۋە ئاشۇ گۈلىستاننى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاز كەم يېرىم ئەسىر مېھنەت سىڭدۈرۈپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن باغۋەنلەر جۈملىسىدىندۇر.

يولداش ئابلىمىت سادىق 1952 - يىلى «ۋەتەن» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى بىر كۈنمۇ قەلەمنى تاشلاپ قويمىدى. 80 پارچىدىن ئۇشۇق ئەسىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى. ئۇ 1959 - يىلىدىن ھازىرغىچە، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، 192 - سان ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 31 سانىغا باش مۇھەررىر بولدى. كوللېكتىپ ۋە شەخسىي ئاپتورلارنىڭ بولۇپ ئون نەچچە توپلامنى نەشرگە تەييارلىدى، خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرىنىڭ قىرىق نەچچە كىتابىنى تەھرىرلەپ بېكىتىپ چىقتى. جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى شىنجاڭ تومىنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كۆڭۈلدىكىدەك تاماملىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەيلى «تارىم»، مەيلى «مىراس» ژۇرناللىرىدا باش مۇھەررىر بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا بولمىسۇن، مەيلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مەيلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا بولمىسۇن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتىنى قۇتقۇزۇش، ياش مۇھەررىرلەرنى تەربىيىلەش ۋە ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش يولىدا كۆپ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈردى ۋە مۇناسىپ تۆھپە ياراتتى.

پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى، فولكلورشۇناس ئابدۇكېرىم راخمان ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كەڭ كۆلەمدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىش داۋامىدا ئېرىشكەن بىلىمى ۋە توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا، 1980 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسىنى تەسىس قىلدى، ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى خەلق ئەدەبىياتىدىن فولكلورغا كېڭەيتىپ، 12 نەپەر ماگىستىر، بەش نەپەر دوكتور تەربىيىلەپ چىقتى. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازدى ۋە 100 پارچىدىن ئارتۇق خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلورغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور تەتقىقاتى ئۈچۈن «بوزلۇققا يول ئاچقۇچى» بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 2 -، 3 - نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

قىسقىسى، يولداش ئابلىمىت سادىق بىلەن ئابدۇكېرىم راخمان ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىشى ۋە قىممەتلىك ئەجرى، ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ھۆرمەت، ئالقىشىغا نائىل

بولدى. بۇ ئىككى ھۆرمەتكە سازاۋەر باغۋەن ئىلىم ـ مەرىپەت باغچىسىغا ئون ـ ئىنسىز تەر تۆكۈپ، رەڭمۇرەڭ گۈل چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ خەلققە شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇلار پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا، خەلقنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇپ پارتىيە خەلقنى رازى قىلدى. مانا بۇ ئالىيجاناب روھ، پىداكارانە روھ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، جۈملىدىن ياش تالەپكارلار بۇ روھتىن ئۆگىنىشى، مۇشۇنداق روھنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە مەشئەل قىلىشى لازىم.

مەن بۇ يەردە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ۋاكالىتەن بۇ ئىككى مۆھتەرەمگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر بىلدۈرىمەن ۋە چىن كۆڭلۈمدىن ئالقىش ئېيتىمەن.

يېڭى ئەسىر بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا يېڭىچە ھاياتبەخش تەبەسسۇملىرى بىلەن قۇچاق ئاچتى، بىز يېڭى ئەسىرگە يېڭىچە روھ ۋە جاسارەت بىلەن كىرىپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، يېڭى دەۋر بىزگە يېڭىدىن يېڭى ئۇچۇرلارنى توختىماي يەتكۈزمەكتە ۋە يېڭىدىن يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا، يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىمەكتە. يېڭى دەۋر خەلقنىڭ كۈندىن كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان ئېستېتىك ...لەكلىرى ھاياتنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزغا ...مىدلىك كۆزلىرىدە باقماقتا. بىز چوقۇم جىياڭ زې...ن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ...راپىغا چىڭ ئۇيۇشۇپ، ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپىتا ...ڭ تۇرۇپ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆ...شى ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ...مىلار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدىن ئېغىشماي، باش شۇجى جىياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداپ، قېزىپ، تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ دەۋر تەلىپىگە يېقىندىن ماسلىشىشىمىز ۋە خەلق روھىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم.

خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ ئانىسى، پۈتمەس تۈگىمەس بۇلىقى. مەيلى ئۆتمۈشتىن، مەيلى ھازىردىن، مەيلى چەت ئەلدىن، مەيلى يېقىندىن ياكى ئۆزىمىزدىن سۆز ئاچمايلى، دۇنيادىكى مەشھۇر شائىر، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇلار خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىن كۆپلەپ ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە ئۆرنەك قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەتلىك مەنىۋى جاۋاھىراتىغا ئايلىنالىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالىغان. ئۆتمۈشتە ئۇلۇغ شائىر نەۋائىيمۇ شۇنداق قىلغان، بىزدە بولسا، مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىب سەنئەتكارلىرىمىزمۇ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بەدىئىي كامالىتى ۋە ئاجايىپ شېرىن پاساھىتىدىن ئۈلگە ئالغان. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا مەن پېشقەدەم شائىر، ئالىي مۇھەررىر ئابلىمىت سادىققا، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمانغا، جۈملىدىن بۈگۈنكى مۇشۇ ئەنجۈمەنگە قاتناشقان بارلىق يىغىن ئەھلىگە خاتىرجەملىك، خۇشاللىق، سالامەتلىك تىلەيمەن، ھەممىڭلارنىڭ ئىجادىيەت، ئىلمىي ئەمگەكلىرىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت، ئۆمرۈڭلارغا بەرىكەت يار بولغاي!



# ئىككى تەبرىك

ئىمىن تۇرسۇن

## ئاپىرىن

ئىلىم ۋە مەتبۇئات ساھەسىدە مەدھىيىلەشكە ئەر-
زىيدىغان ئۇتۇقلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئىككى
ئەربابنىڭ شەنىگە بېغىشلانغان بۇ ئىلمىي ئەنجۇمەنگە
قاتناشقانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

بىرى، ئاتاقلىق ئېتنوگراف — ئالىم ئابدۇكېرىم
راخمان، يەنە بىرى مەتبۇئاتتا ئەمگەك سىڭدۈرگەن ۋە
ئەدەبىياتچىلاردىن يېتىشىپ چىققان ئەرباب ئابلىمىت
سادىق. بۇ ئىككى ئەزىز زاتنى سەمەرىلىك خىزمەت-
لىرى شاراپىتىدىن چىن كۆڭلۈم بىلەن قۇتلۇق-
لايمەن.

مەتبۇئاتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇھەررىر ئى-
نىمىز ئابلىمىت سادىقنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدى-
كى پەزىلەتلىرىدىن بەزىلىرىنى جامائەتچىلىكنىڭ نە-
زىرىگە تەۋسىيە قىلماقچىمەن.

مەتبۇئاتچىلىقتا مۇھەررىر بىلەن مۇئەللىپ «ئې-
مىلداش» تۇغقانلاردۇر. گاھىدا مەنىلىرى ئانچە پەرق
قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇگۈنكى ئىستېمال مەنىسىدە بى-
رىنى تەھرىرلىگۈچى يەنى سىلىقلىغۇچى، يەنە بىر-
ى تۈزگۈچى يەنى يازغۇچى دەپ ئايرىيدىغان بولدۇق.
ھرىرلىك —ئىنچىكە ۋە مۇشەققەتلىك خىزمەت،
رەر ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە مەنزۇر بو-
شىدا ۋاستىلىك قىلىنىدىغان ئەمما ئادەتتە نامسىز

قىلىنىۋېرىدىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەت.

تەھرىرلىك ئىلىم پەننىڭ تۈرلۈك تارماقلىرىدىن
خەۋەردار بولۇشنى، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان مەتبۇئات
تىلىنى (ئۇنىڭ گراممatikىسىنى، لېكسىكا بايلى-
قىنى، ئىملا قائىدىسىنى، مۇھىم شىۋىلەر پەرقىنى)
پىششىق بىلىشنى، مۇئەللىپكە ۋە ئوقۇرمەنلەرگە
سادىق ۋە مەسئۇل بولۇشنى، تەشكىل ئالدىدا جاۋابكار
بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ خىزمەت. بۇ
تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن مۇھەررىر
تەمكىن، ئېھتىياتچان، ساداقەتمەن، مەسئۇلىيەتچان
يەنى ئادىل - پازىل بولۇشى كېرەك. ئابلىمىت سادىق
بىلەن ئاز كەم قىرىق يىلدىن بۇيان مۇناسىۋەت قىلىپ
كېلىش جەريانىدا ئۇنىڭدا مەزكۇر پەزىلەتلەر بارلىقى-
نى ھېس قىلدىم.

تەمكىنلىك - مۇھەررىردە بولۇشقا تېگىشلىك
بىرىنچى خىسلەت، ئالدىغا كەلگەن ئەسەر (ئۇنىڭ
ئۇتۇقلۇق چىققانلىقى ياكى يول قويغۇسىز نۇقسانلار
بىلەن تولغانلىقى) ئۈستىدە، ئوقۇ ئوقۇمايلا ھۆكۈم
چىقارماسلىق. ئەگەر بۇ جەھەتتە يېڭىلتەكلىك قى-
لىنسا، مۇھەررىر بىر قەلەم بىلەن ئەسەرنىڭ ھاياتى-
نى ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتىدۇ. ئابلىمىت سادىقتا
تەمكىنلىك پەزىلىتى خېلى روشەن

بولدى. بۇ ئىككى ھۆرمەتكە سازاۋەر باغۋەن ئىلىم ـ مەرىپەت باغچىسىغا ئون ـ تىنىسىز تەر تۆكۈپ، رەڭمۇرەڭ گۈل چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ خەلققە شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇلار پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا، خەلقنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇپ پارتىيە خەلقنى رازى قىلدى. مانا بۇ ئالىيجاناب روھ، پىداكارانە روھ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، جۈملىدىن ياش تەلەپكارلار بۇ روھتىن ئۆگىنىشى، مۇشۇنداق روھنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە مەشئەل قىلىشى لازىم.

مەن بۇ يەردە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ۋاكالىتەن بۇ ئىككى مۆھتەرەمگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر بىلدۈرىمەن ۋە چىن كۆڭلۈمدىن ئاپىرىن ئېيتىمەن.

يېڭى ئەسىر بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا يېڭىچە ھاياتبەخش تەبەسسۇملىرى بىلەن قۇچاق ئاچتى، بىز يېڭى ئەسىرگە يېڭىچە روھ ۋە جاسارەت بىلەن كىرىپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، يېڭى دەۋر بىزگە يېڭىدىن يېڭى ئۈچۈرلارنى توختىماي يەتكۈزمەكتە ۋە يېڭىدىن يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا، يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكلىمەكتە. يېڭى دەۋر خەلقنىڭ كۈندىن كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان ئېستېتىك تىلەكلىرى ھاياتنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىزغا ئۈمىدلىك كۆزلىرىدە باقماقتا. بىز چوقۇم جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا چىڭ ئۇيۇشۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدىن ئېغىشماي، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداپ، قېزىپ، تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ دەۋر تەلىپىگە يېقىندىن ماسلىشىشىمىز ۋە خەلق روھىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم.

خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ ئانىسى، پۈتمەس تۈگىمەس بۇلىقى. مەيلى ئۆتمۈشتىن، مەيلى ھازىردىن، مەيلى چەت ئەلدىن، مەيلى يېقىندىن ياكى ئۆزىمىزدىن سۆز ئاچمايلى، دۇنيادىكى مەشھۇر شائىر، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇلار خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىن كۆپلەپ ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە ئۆرنەك قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل بىر ئەلنىڭ، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەتلىك مەنىۋى جاۋاھىراتىغا ئايلىنالىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالىغان. ئۆتمۈشتە ئۇلۇغ شائىر نەۋائىيمۇ شۇنداق قىلغان، بىزدە بولسا، مەشھۇر شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىب سەنئەتكارلىرىمىزمۇ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بەدىئىي كامالىتى ۋە ئاجايىپ شېرىن پاساھىتىدىن ئۈلگە ئالغان. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا مەن پېشقەدەم شائىر، ئالىي مۇھەررىر ئابلىمىت سادىقى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمانغا، جۈملىدىن بۇگۈنكى مۇشۇ ئەنجۈمەنگە قاتناشقان بارلىق يىغىن ئەھلىگە خاتىرجەملىك، خۇشاللىق، سالامەتلىك تىلەيمەن، ھەممىڭلارنىڭ ئىجادىيەت، ئىلمىي ئەمگىكىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت، ئۆمرۈڭلارغا بەرىكەت يار بولغاي!



# ئىككى تەبرىك

ئىمىن تۇرسۇن

## ئاپىرىن

ئىلىم ۋە مەتبۇئات ساھەسىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئۆتۈقلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئىككى ئەربابنىڭ شەنىگە بېغىشلانغان بۇ ئىلمىي ئەنجۇمەنگە قاتناشقانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

بىرى، ئاتاقلىق ئېتنوگراف — ئالىم ئابدۇكېرىم راخمان، يەنە بىرى مەتبۇئاتتا ئەمگەك سىڭدۇرگەن ۋە ئەدەبىياتچىلاردىن يېتىشىپ چىققان ئەرباب ئابلىمىت سادىق. بۇ ئىككى ئەزىز زاتنى سەمەرىلىك خىزمەتلىرى شاراپىتىدىن چىن كۆڭلۈم بىلەن قۇتلۇقلايمەن.

مەتبۇئاتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇھەررىر ئىنىمىز ئابلىمىت سادىقنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى پەزىلەتلىرىدىن بەزىلىرىنى جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىگە تەۋسىيە قىلماقچىمەن.

مەتبۇئاتچىلىقتا مۇھەررىر بىلەن مۇئەللىپ «ئېمىلداش» تۇغقانلاردۇر. گاھىدا مەنىلىرى ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيدۇ. بۈگۈنكى ئىستېمال مەنىسىدە بىرىنى تەھرىرلىگۈچى يەنى سىلىقلىغۇچى، يەنە بىرىنى تۈزگۈچى يەنى يازغۇچى دەپ ئايرىيدىغان بولدۇق. تەھرىرلىك —ئىنچىكە ۋە مۇشەققەتلىك خىزمەت، بىرەر ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ئۇقۇرمەنلەرگە مەنزۇر بولۇشىدا ۋاستىلىك قىلىنىدىغان ئەمما ئادەتتە نامسىز قېلىۋېرىدىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەت.

تەھرىرلىك ئىلىم پەنىنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان مەتبۇئات تىلىنى (ئۇنىڭ گراماتىكىسىنى، لېكسىكا بايلىقىنى، ئىملا قائىدىسىنى، مۇھىم شىۋىلەر پەرقىنى) پىششىق بىلىشنى، مۇئەللىپكە ۋە ئوقۇرمەنلەرگە سادىق ۋە مەسئۇل بولۇشنى، تەشكىل ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ خىزمەت. بۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن مۇھەررىر تەمكىن، ئېھتىياتچان، ساداقەتمەن، مەسئۇلىيەتچان يەنى ئادىل ـ پازىل بولۇشى كېرەك. ئابلىمىت سادىق بىلەن ئاز كەم قىرىق يىلدىن بۇيان مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىش جەريانىدا ئۇنىڭدا مەزكۇر پەزىلەتلەر بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

تەمكىنلىك ـ مۇھەررىردە بولۇشقا تېگىشلىك بىرىنچى خىسلەت، ئالدىغا كەلگەن ئەسەر (ئۇنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققانلىقى ياكى يول قويغۇسىز نۇقسانلار بىلەن تولغانلىقى) ئۈستىدە، ئوقۇ ئوقۇمايلا ھۆكۈم چىقارماسلىق. ئەگەر بۇ جەھەتتە يېڭىلتەكلىك قىلىنسا، مۇھەررىر بىر قەلەم بىلەن ئەسەرنىڭ ھاياتىنى ئۇياق ـ بۇياق قىلىۋېتىدۇ. ئابلىمىت سادىقتا تەمكىنلىك پەزىلىتى خېلى روشەن كۆرۈلىدۇ. خېلى

كۆپ مۇئەللىپلەر ئابلىمىت سادىقنىڭ تەمكىنلىكىنى ئەستىقلايدۇ.

ئېھتىياتچانلىق — تەمكىنلىكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بولغان خىسلەت بولۇپ، مۇھەررىردىن ئەسەرنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسى، مەپكۇرىسى، دىققەتكە سازاۋەر مۇھىم نۇقتىلىرى، تىل - ئىبارىلىرى ۋە سۆز ئىشلىتىش سەنئىتى، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش چارىسى، بايان قىلىش تەرتىپى، ئاخىردا ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىدىغان نەتىجىسى توغرىسىدا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئابلىمىت سادىق بىلەن خىزمەتداش بولغان مۇھەررىرلەر ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىسلىتىنى تىللىرىدا ئىقرار ۋە دىللىرىدا ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

ساداقەتمەنلىك - مۇھەررىر ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ سادىق دوستى بولغاندىلا، ئەسەرگە خۇددى مېھرىبان ئانا ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەندەك توغرا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ھەربىر بۆلىكى، ھەربىر دېتاللىرى، ھەتتا ھەربىر ئىبارە ۋە سۆزلىرىگىچە پىكرى، زېكرىنى سەرپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالمايدىكەن، مۇھەررىر بىلىپ - بىلمەيلا مۇئەللىپنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئابلىمىت سادىق 40 يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتىدە، مۇئەللىپلەرنىڭ ساداقەتمەن دوستى بولۇشقا تىرىشىپ كەلدى ھەم بۇ جەھەتتىن مۇئەللىپلەرنىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرىگە ئېرىشتى.

مەسئۇلىيەتچانلىق - مۇئەللىپ ۋە ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا مۇھەررىر ئەسەر خۇسۇسىدا مەسئۇل بولىدۇ. مۇئەللىپ ئالدىدا، ئۇنىڭ ئەسىرىنى سۈپەتلىك ۋە تەلەپكە لايىق قىلىپ تەھرىرلەپ چىقىشقا، ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا، ئىدىيىدە ساغلام، قۇرۇلمىسى جەلپكار، تىلى پاساھەتلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن مەنزۇر بىر ئەسەر تەقدىم قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. دەرۋەقە، مۇھەررىردە ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە تەشكىلنىڭ تەشۋىق - تەرغىبات ۋەزىپىلىرىگە ماسلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىمۇ بولىدۇ. مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مۇھىم بىر شەرتى ئۆز رايىنى ۋە ئۆز ئەندىزىسىنى مۇئەللىپكە تاڭماسلىق. ئابلىمىت سادىق بۇ مەسىلىدە ئۈلگىلىك مۇھەررىر دېيىشكە مۇناسىپ كېلىدۇ.

ئابلىمىت سادىق خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا چىقىشقاق، يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتىدە كەمتەر، خىزمەتداشلىرىغا كۆيۈمچان بولۇپ كەلدى.

مەيلى «تارىم» ياكى «مىراس» ژۇرناللىرىدا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەندە بولسۇن، خىزمەت ئېھتىياجىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدىكى، نام - مەنپەئەتكە بېرىلمىدى. ژۇرناللارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈچۈن ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدى. ئۇ مىڭلىغان ئەسەرنىڭ روياپقا چىقىشىغا جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى لېكىن نامسىز قەھرىمان بولۇپ قېلىۋەردى.

ھۆرمەتلىك ئابلىمىت سادىق، سىزگە ئاپىرىن، مۇئەللىپلەر سىزدىن مىننەتدار، ئوقۇرمەنلەر سىزدىن رازى. بۇ مىننەتدارلىق ۋە رازىمەنلىك مىڭچە ئابلىمىت سادىق ئۈچۈن قىممەتلىك مۇكاپات.

بۇنىڭدىن كېيىنكى قەلەم ئىشلىرىڭىزغا بەرىكەت، تۇرمۇشىڭىزغا مەنىشەت تىلەيمەن.

ئاخىردا ھەزرىتى نەۋائىينىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى تەقدىم قىلىمەن.

ئۆمرۈڭ قۇياشىغا بەرمىسۇن چەرخ زەۋال،
جانىڭ قەمەرىنى قىلماسۇن دەۋر ھىلال.
تۈن كۈن بولغىل مەھرە ۋە شۇ مېھرسال،
دەھرئەھلىگە نۇر بەخشۇ فەرخۇندە جەمال.

2001 - يىل 30 - ئاپرېل

# بىر چاقچىقى بىر ھېكمەت

تىل سەنئەتكارى ـ ھېسامنىڭ 70 ياشلىق يۇبىيلى مۇناسىۋىتى بىلەن چاقچاقلىرىغا بېغىشلانغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

مىسىر ئالىملىرىدىن خۇسلىي: «تىل مىللەتنىڭ جېنى ۋە ھاياتى، تارىخ مىللەتنىڭ ئەس ـ يادى» دېگەنىكەن. ماركسىستىك مىللەتشۇناسلىقتا تىل ـ مىللەتنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى دەپ تەرىپلىنىدۇ. تىل ـ مىللەت ۋە ئۇنىڭ تارىخى بىلەن ھەمقەدەمدۇر. باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىمۇ تىل بايلىقىنى ياراتتى، بۇ تىل بايلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى تىل سەنئىتىدۇر. تىل سەنئىتىنىڭ ژانىرلىرى تولا. چاقچاق شۇ ژانىرلاردىن بىرىدۇر.

ھەر قوۋمنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي مۇھىت ۋە مەدەنىي ھايات جەھەتلىرىدە خاسلىق بولىدۇ. شۇنداق خاسلىق ئاساسىدا ئۆزگىچە پسىخولوگىيىلىك ھالەتلىرى شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ھەر قوۋمنىڭ قىزىقىش، ھاياجانلىنىش، تەسىرلىنىش تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبتىبتىكىلىق ۋاسىتىلىرى بىلەنلا مەزكۇر تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەرقانداق مىللەتتە ئومۇمىي پسىخىكىلىق ئورتاق ئالامەت ـ ئۆمرىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈشتۇر.

ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تىل سەنئىتىنىڭ چاقچاق ژانىرى كۆپ تەرەققىي قىلغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئەۋج ئالغان چاقچاق ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە ئىخچاملىقى، لوگىكىلىق تەپەككۇرلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. دەرۋەقە، تىل سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا بەزى تالانتلىق شەخسلەر ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

زامانىمىزدا بولسا، مۇنداق تالانتلىق شەخسلەردىن بىرى ھېسامدۇر. ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا مۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈشنى لايىق كۆردۇم.

بىرىنچى، ھەقىقىي چاقچاقچى بولۇش ئۈچۈن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان خەلقنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ئوبدان بىلگەن بولۇشى كېرەك. جۈملىدىن ئۆز خەلقىنىڭ ئاچچىق چۈچۈك كەچۈرمىشلىرى، خۇشاللىقتا ئىنتىلىشلىرى قايىنىمىدا بىللە بولغان بولۇشى كېرەك. ھېسام ـ تۇرمۇشنىڭ سورۇقچىلىقلىرىنى كۆپ تارتقان، بېشىغا تاغدەك ئەلەم كەلسىمۇ روھىي جەھەتتىن پىسەنت قىلمىغان ۋە ھەمىشە خاپىلىقنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلگەن بىر سەنئەتكار. شۇڭا ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىدا ئالدى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۈرلۈك ئىنچىكە دېتاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ھېسام چاقچىقى ـ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەينىكى.

ئىككىنچىدىن، ھېسام چاقچاقلىرى تىلىنىڭ ئىخچاملىقى ۋە تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ھېسام چاقچاقلىرىدا ھېكايە تەرىقىسىدە سۆزلىنىدىغان بايان ئاز، لوگىكىلىق خۇلاسە ئىمكانقەدەر بايانسىز ئىپادىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ھېسام چاقچاقلىرىدا قىسقا تەشبىھ ـ مۇبالىغە سەنئىتى ئۇستىلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خۇددى ئەلىشىر نەۋائىيىنىڭ «چىن سۆز مۇتىۋەر، ياخشى سۆز مۇخ-

تەسەر» دېگىنىدەك، ھېسام چاقچاقلىرىدا سۆز چىن – ھەقىقىي ۋە مۇختەسەر ئىخچام بولغىنى ئۈچۈن، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان مۇتىۋەر ئىبارىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ ھەربىرى بىر ھېكمەتتۇر.

ئۈچىنچىدىن، يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتتىن تۇرلەنگەن يەنە بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ سۆز – ئىبارىلىرى پاساھەتلىك – ئاممىباب بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ زېتىغا تېگىدىغان قوپال ناشايان سۆزلەر، تېتىقسىز ئىبارىلەر كۆرۈنمەيدۇ، ئاندىن سورۇنغا، سۆھبەت ئەھلىنىڭ مىجەز خاراكتېرىگە قاراپ چاقچاقنىڭ تەرزى – شەكلى تاللىنىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھېسامنى پسىخولوگىيە تېۋىپى دېيىشمۇ بولىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇددى بالدۇرقىدەكلا، كىشىلەر ئارىسىدا ھەمىشە خاپىلىق خەشەكلىرىنى سورۇۋېتىدىغان، غەزەپ تۇپىرىقىنى سۈپۈرۈۋېتىدىغان قۇدرىتىنىڭ نامايان بولۇپ تۇرۇشىنى ۋە تىل سەنئەتكارى ھېسامنىڭ ساغلام ۋە كەڭ رىزقى – نەسىۋىلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

مۇھەررىرى: **يۈسۈپ ئىسھاق**

## شىرغا قان تەقدىم قىلىش

شىر ئاغرىپ قىلىپ ئۇنىڭغا قان بېرىشكە توغرا كەپتۇ. تۈلكە پادشاھىمىزغا قان تەقدىم قىلىسالار، دەپ نەچچە يۈز مىڭلىغان چاشقان، شەپەرەڭ، ھەسەل ھەرىسى ۋە چۈمۈلىنى تۇتۇپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەددى – ھېسابسىز ھەسەل ھەرىسى، چۈمۈلە قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئەمما شىرنىڭ كېسىلىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئارىدىن بۇلبۇل ئوتتۇرىغا چىقىپ شىرغا:

— جانغا زامىن بولىدىغان مۇنداق ئىش داۋاملىشىۋەرسە، پادشاھىمىزنىڭ مۇبارەك تېنىگە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. مېنىڭچە، پادشاھىمىزغا ئۈچلا نەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يولۋاس، بۆرە ۋە تۈلكىدۇر. ئۇلار ئادەتتە ئاجىز ھايۋاناتلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، شۇڭا بەدىنىدە قان كۆپ بولىدۇ. ئۇلار قان تەقدىم قىلىشقا ماقۇل بولسىلا، پادشاھىمىزنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. شىر بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، يولۋاس، بۆرە ۋە تۈلكىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ قان بەرگۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ. دېگەندەك، ئۇلارنىڭ تېخى يېرىمى تۈگىمەي تۇرۇپلا شىرنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

**غوپۇر قادىر تەرجىمىسى**



# ئۇدۇن ساك يېزىقى ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغان يادىكارلىقلار

تەلئەت ئوبۇلقاسىم

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوزغالغان غەربىي يۇرتنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش شامىلى نەتىجىسىدە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالى، جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىنى مەركەز قىلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بۇددا ئىبادەتخانا خارابىلىرى، قەدىمكى قەبرە ئىزلارنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قوللىنىپ كەلگەن قەدىمكى يېزىقلار بىلەن يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ھەم تۈرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ سانى ھەم تۈرى بىرقەدەر كۆپ، ساقلىنىشى بىرقەدەر ياخشى، تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ۋەسىقىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن ساك يېزىقى ـ ھىندىستاندىكى براخما يېزىقىنىڭ گۇپتا شەكلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن يېزىق بولۇپ، قەدىمكى ئۇدۇن رايونىدا ياشاپ كەلگەن ساكلارنىڭ تىلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

بۇ يېزىق توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر راھىب، سەيياھ شۈەنزاڭنىڭ « غەربىي يۇرتتىكى ساياھەت » دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ 12 ـ جىلدىدا « قوستانا ئىلى ...... يېزىقى بار. ھىندىستاندىن قوبۇل قىلغان بولۇپ ئازراق ئۆزگەرتىلگەن، تىلى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ.» دېيىلگەن. بۇ يېزىق خوتەنگە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا يوقالغان.

خوتەن ساك يېزىقى بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقنى ئەڭ دەسلەپ رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پتروۋسكىي بىلەن گىئورگىي ماكارتنىي قاتارلىقلار تاپقانىدى. 1901 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ھوئېرنلىي ماكارتنىي قاتارلىقلار قولغا كەلتۈرگەن خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تۇنجى بولۇپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە غەرب مەملىكەتلىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەنگلىيىلىك ستېيىن، شىۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، گېرمانىيىلىك گرۇتۋېدىل، لىكوك، فرانسىيىلىك پائول پېللىئوت، ئامېرىكىلىق خۇنتىڭتۇن، ياپونىيىلىك جۇرۇيجاۋ، رۇسىيىلىك ئولدېنبورگ قاتارلىقلار يۇرتىمىزنىڭ

خوتەن، تۇمشۇق، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ئۇدۇن تىل - يېزىقىدا يېزىلغان كۆپ مىقداردىكى دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردى.

ستەيىن ئېلىپ كەلگەن ئۇدۇن تىل - يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا، فېدېراتسىيە ئىشلىرى كۇتۇپخانىسى ۋە يېڭى دېھلى دۆلەتلىك مۇزېيىدا، پائۇل پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا، سۋېن ھېدىن ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر ستوكھولم ئىرقشۇناسلىق مۇزېيىدا، گرونۋېدىل، لىكوك قاتارلىقلار ئېلىپ كەتكەن يازما يادىكارلىقلار ھازىر بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا، جۆرۈيجاۋ ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر رىيوكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

11 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئۇدۇن تىل - يېزىقىنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئۇدۇن تىل - يېزىقىنىڭ تەۋەلىكىنى بىلەلمەي ئۇنى «ئۇققىلى بولمايدىغان تىل» دەپ ئاتاپ كەلگەن. غەرب ئالىملىرىدىن ھوئېرنلې شۇمانىن، ستېن كونو بىيلى ھەم ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن دىرېسدىن ۋە ئىممېرىكى قاتارلىق ئالىملار، تىلشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ تىلنى يېشىپ چىقىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپە ئاخىر ھەل قىلىندى.

1901 - يىلى گېرمانىيىلىك تىلشۇناس ئالىم ھورنىلىي، بۇ تىلنى «تونۇلمىغان تىل» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى توھپىسى بۇ تىلدىكى كۆپلىگەن ئىسىم ۋە سانلارنىڭ ھىندى ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىشى بولدى. 1907 - يىلى لوئىمان ئۇدۇن تىلىنىڭ ھىندى ياۋروپا تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە 1912 - يىلى بۇ تىلنىڭ شىمالىي ئارىيان تىلى ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نورۋېگىيىلىك ئالىم ستېن كونوۋ بۇ تىلنى شەرقىي ئىران تىلى دەپ ئاتىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. تىل سىستېمىسى بويىچە ئېيتقاندا كونوۋنىڭ قارىشى توغرا ئىدى. بىراق تېپىلغان رايون نوقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ تىلنى ئۇدۇن ساك تىلى دەپ ئاتىسا توغرا بولاتتى. چۈنكى قەدىمكى خوتەندە ئاق ئىرقتا تەۋە ساكلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ھىندىستاندىكى ساكلار بىلەنمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى ① ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ئالىم بايلى مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ خوتەن ساك تىلىنى ساك تىلى دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئېلان قىلىنىپ بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر خوتەن، تۇمشۇق، مۇرتۇق، گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ مىڭئۆي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان بولۇپ، تومشۇقتىن تېپىلغان خوتەن تىل - يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى گەڭ بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بايلى ئۆزىنىڭ «ساك تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە، خوتەن ساك تىلىنى تۇمشۇق تىلى (قەدىمكى زامان خوتەن تىلى)، دەسلەپكى دەۋردىكى خوتەن تىلى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى خوتەن تىلى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىدى. بايلى يەنە تۇمشۇق تىلى بىلەن دەسلەپكى، كېيىنكى مەزگىللەردىكى خوتەن تىللىرىدا ئازراق پەرق بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مەسىلەن ②:

| | | |
|---|---|---|
| | دەسلەپكى ۋە | |
| ئۇيغۇرچە | تۇمشۇق تىلىدا | كېيىنكى خوتەن تىلىدا |
| دادا | bidar | pitar |
| قېرىنداش | bradar | bratar |
| ئايالى | nare | nere |
| قىزى | datar | dudar |
| ئىلاھ | jezde | jyasta-jasta |
| ئىلاھ | barsa | balysa |
| مەن | asu | aysu |
| يىل | sala | sala sali salya |
| ئاي | maste | masta |
| ۋاقىت | skide | skyatu, scye |
| شەھەر | katha | kantha |
| بەش | bisa | bissa |
| يىلان | sazda | ssayda |
| بېرىش | ror | hor |
| دۆلەت | xsera | ksira |
| پادىشاھ | reride | rrerrunda |
| ھۆكۈمران | xsana | ksuna |



تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى خوتەن تىلىدا يېزىلغان ئەسەر، ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا نوملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك تۇمشۇق رايونىدىن ستەيىن ۋە پائول پىللىئوت تەرىپىدىن بايقالغان. بۇ بۇددا نوملىرى ئۇدۇنغا تارقالغان ئەڭ قەدىمكى بۇددا دىنى دەستۇرلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ماھىيەن مەزھىپىگە تەئەللۇق بولغان دەستۇرلار بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ساڭگاتاسۇترا، سۇترا، ۋاھلا كىرىتى نىرداسا سۇترا، سۇرانگاما سامادىھى سۇترا قاتارلىقلار بار. بۇ نوملار فاشيەن قاتارلىقلار ئۇدۇنغا كەلگەن ۋاقىتتا شۇ يەردە ئاللىقاچان ئومۇملاشقان نوملار ئىدى. ③

دەسلەپكى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ سانى كۆپ، تۈرى ھەر خىل بولۇپ بۇ ۋەسىقىلەر ئاساسەن بۇددا نوملىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەت، ئەلچىلىك خاتىرىسى، توختامنامە، ئۇدۇن پادىشاھىسىنىڭ پەرمانى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى پائول پىللىئوت ۋە ستەيىنلەر دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ نوم ساقلايدىغان ئۆيىدىن تېپىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. يەنى پائول پىللىئوت 1908 ـ يىلى شۇ نوم ساقلاش ئۆيىدىن 66 پارچە ئۇدۇن ساك يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت ۋەسىقىنى ئېلىپ كەتكەن ④. پائول پىللىئوت ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋەسىقىلەردىن «ئالتۇن يارۇق»، ئۇدۇن خانى ۋىساسۇرا (977 ، ـ 967 ـ

يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ) نىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن يېزىلغان، 51 پارچە ⑤ سىتەيىن ئېلىپ كەتكەن ئەڭ مۇھىم ھۆججەت ( نومۇرى ch . 0274) 39 بەتلىك چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەر – «زامباستا» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، قەدىمكى ئۇدۇن خەلقى بۇددا نوملىرىنى نوقۇل ھالدا ھىندىستاندىن كىرگۈزمىگەن، بەلكى بەزىلىرىنى («زامباستا» غا ئوخشاش) ئۆزلىرى ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆز خەلقىگە خاس بۇددا نوملىرى ۋە رىۋايەتلەرنى تۈزۈپ چىققان ⑥ . شۇنداق بولغاچقا بۇ بۇددا نوملىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئۇدۇن تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى سىتەيىن ئېلىپ كەتكەن ئۇدۇن يېزىقى بىلەن يېزىلغان «زامباستا» كىتابىدا «ھونلار، خەنزۇلار، سۇپى (تىبەتلەرنىڭ بىر تارمىقى) لار بىزنىڭ خوتەنگە بېسىپ كىردى ⑥. دېگەن مۇھىم تارىخىي مەلۇمات تىلغا ئېلىنغان.

ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان دىندىن خالىي ھۆججەتلەرنى ئاساسەن خوتەننىڭ بۈگۈنكى دامىكۇ، خادالىق، بالاسۋات، دەندان، مازار تاغ قاتارلىق جايلىرىدىن سۋېن ھېدىن بىلەن سىتەيىن قاتارلىقلار ئېلىپ كەتكەن بولۇپ سانى 100 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن پەرمان، ھېسابات دەپتىرى، ھۆججەت، ئۆزئارا يېزىشقان سالام خەتلەردىن ئىبارەت. بىز مۇشۇ ھۆججەتلەر ئارقىلىق قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى يۈرگۈزگەن قائىدە – تۈزۈم، باج قاتارلىق تۈزۈملىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيمىز.

پارىژ ۋە لوندوندا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئاساسەن ئۇدۇن خانلىقى بىلەن خىشى كارىدورىدىكى ساۋ جەمەتىدىكىلەر ھاكىمىيىتى ئارىسىدىكى ھۆكۈمەت ئالاقە خەتلىرى، ئەلچىلەرنىڭ خاتىرىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەر شۇ ۋاقىتلاردىكى خەنزۇ مەنبەلىرىنىڭ تولۇق بولمىغان جايلىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايلا قالماستىن، ئۇدۇن خانلىقى بىلەن خىشى كارىدورىدىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يازما ھۆججەتلەر ئىچىدە «يەتتە شاھزادىنىڭ خوتەن شاھىغا يوللىغان مەكتۇپى»، «ۋەزىرلەرنىڭ خوتەن شاھىغا سۇنغان مەكتۇپى» ۋە «سىتائىل خولىستىن» قاتارلىق ھۆججەتلەر ئىنتايىن مۇھىم ھۆججەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ھۆججەتنىڭ ساقلىغۇچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «سىتائىل خولىستىن» دېگەن ھۆججەت ئەڭ مۇھىم ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ بىر يۈزىگە خەنزۇچە نوم، بىر يۈزىگە ئۇدۇن يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقى يېزىلغان، ئۇدۇن يېزىقى جەمئىي 72 قۇر بولۇپ، بۇنىڭدا، ئۇدۇن ۋەزىرلىرىنىڭ ساجۇغا بېرىش جەريانىدىكى سەپەر خاتىرىسى، ئاساسەن يول ئۈستىدىكى شەھەر – بازارلار ۋە قەبىلە – ئۇرۇقلارنىڭ نامى، تارقىلىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھۆججەتتە ئۇدۇن پادىشاھى «ئارسلانخان» دەپ تىلغا ئېلىنغان، بۇ ھۆججەت بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يۇرتىمىزنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ يەر نامىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ كاتولوگى سۈپىتىدە، بۇ تىل تەتقىقاتى ئۈستىدە ئەڭ زور شۆھرەت قازانغان ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ئالىم هارۆد بايلىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى بولغان «خوتەن تېكىستلىرى» (6 توملۇق)، « خوتەن بۇددىزم تېكىستلىرى» دېگەن ئەسەرلىرىنى كۆپچىلىككە

سۇنماقچىمەن.

يۇقىرىقى «خوتەن تېكىستلىرى» دېگەن ئەسەردە خوتەندىن تېپىلغان بارلىق ئەسەر ـ ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ ئۇنى لاتىن يېزىقىغا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمىسىنى ئىشلەپ ئېلان قىلدۇرغان. ئادەتتە «خوتەن بۇددىزىم» تېكىستلىرىنىمۇ ئۇژ ئىچىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

بىرىنچى كىتاب: «خوتەن تېكىستلىرى» گە «بۇدساتۋانىڭ ئارزۇ تىلەكلىرى قەسىدىسى»، «يارالمىش قەسىدىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئەمچى كىتابى»، «زامباستا» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

ئىككىنچى كىتاب: «خوتەن تېكىستلىرى» بۇ «ۋەزىرلەرنىڭ ئۇدۇن پادىشاھىغا يوللىغان مەكتۇپى» «پادىشاھ ۋىسا ئىزىراغا مەدھىيە»، «خوتەن پادىشاھىنىڭ ساۋ يۈەنجۇڭغا يوللىغان مەكتۇپى»، «ئالتۇن خانغا يوللانغان مەكتۇپ»، «قانىشقا ھەققىدە قىسسە»، «دوكلات ۋە خەت ـ چەكلەر»، «خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە لۇغەت»، «ئۇدۇندىن كەشمىرگىچە بولغان مۇساپە»، «ئۇدۇندىن ساجۇغا قىلىنغان سەپەر»، «ستائىل خولىستىن»، «يەتتە شاھزادىنىڭ ئۇدۇن شاھىغا يازغان خېتى»، «ئۇدۇن پادىشاھىغا گەنجۇدىكى تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش دوكلاتى» ۋە خەت مەشىق قىلىش دەپتىرى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

ئۈچىنچى كىتاب: «خوتەن تېكىستلىرى» گە «چەكسىز ئىشىكتىن تۇغۇلغان تارانى»، «ئەمچى سۇترا»، «پاك ـ دىيانەتلىك، ئۇلۇغلۇق نومى»، «ۋاجرا پراجنا سۇترا»، «پادىشاھ ئاشوكا قىسسەتلىرى»، «مارا ھەققىدە قىسسە»، «سانسكرىتچە ـ ئۇدۇنچە سۆزلۈكلەرتوپلىمى»، «قەدىمكى تۈركچە ـ ئۇدۇنچە سۆزلۈك»، «خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە لۇغەت»، «ئۆچكە قايتىش نومى»، «ھايۋانلارنىڭ بېشىغا پۈتۈلگەن پۈتۈك» ۋە خەت مەشىق قىلىش دەپتىرى، تاپشۇرۇق دەپتەر قاتارلىقلار كىرگۈزگەن.

تۆتىنچى كىتاب: «خوتەن تېكىستلىرى» گە بۇنىڭغا سۈرىن ھىندىن ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەردىن: «ئالتۇن يارۇق»، «ئۇستازغا مەدھىيە»، «ئەمچى سۇترا»، «بۇتساتۋاغا قەسىدە» قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

بەشىنچى كىتاب: «خوتەن تېكىستلىرى» گە «پارامىترا سۇترا»، «گاندامى درانا»، «چەكسىز ئىشىكتىن تۇغۇلغان تارانى»، «بورخانى سۆزلىگەن چەكسىز ئۆمۈر سۇتراسى»، «ئەمچى بۇرخان سۇتراسى»، «ئەقىل ـ پاراسەت دارانى سۇترا»، «ئەۋلىيا ئەنبىيالار نومى»، «ياخشىلىق سۇتراسى»، «ئېسىل دۇردانىلەر»، «ساڭگاتا سۇترا»، بۇرخان سۆزلىگەن سۇرانگا ماسامادىھى سۇترا»، «ئالتۇن يارۇق»، «ۋىمالاكىرتى سۆزلىگەن نوم»، «تېبابەتچىلىك كىتابى» قاتارلىق ھەر خىل ۋەسىقىلەر كىرگۈزۈلگەن.

ئالتىنچى كىتاب: «خوتەن تېكىستلىرى» گە يۇقىرىقى نوملارنىڭ ئەڭ تولۇق بولغان نۇسخىلىرى كىرگۈزۈلگەن، شۇڭا بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتمىدىم.

تۆۋەندە مەن كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان، ئۇزۇنلۇقى 25 ـ 22 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىغان خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان تارشا پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچىمەن:

مېھىر ـ شەپقەتلىك خوتەن پادشاھى ۋىساسىمھى ئالىيلىرىنىڭ 4 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. ئەھدىنامە تۆۋەندىكىچە: قائۇ ئەمەلدارى سۇراي

شۇنى جاكارلايدۇكى، مېنىڭ ئىنىمنىڭ بىرئوغلى بار بولۇپ، ئۇنى ساتماقچى بولدۇم، سانىراكا ئالىيلىرى ئىككى مىڭ مۇرى چىقاردى، مەن بالىنى ئىككى مىڭ مۇرىيغا سانىراكا ئالىيلىرىغا ساتتىم، سانىراكاڭ پۇلنى پۇتۇنلەي تۆلەپ بولدى. مەن ئەمەلدارى سۇراي بۇ مۇھۇرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ... مۇشۇ جايغا قويۇپ قويدۇم، بۇگۇندىن باشلاپ قاراسا سانىراكانىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولىدۇ. ھەرقانداق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ ...... باشقىچە پىكرىمىز يوق. تۇزۇلۇپ بولغان ھەم ئەمەلىيلىشىپ بولغان توختامنى ئۆزگەرتىپ خىلاپلىق قىلسا، جازا تايىقى كۆن ئولتۇرغان چاغدا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تەگكەي! بۇ توختامغا، پارناما ئەمەلدارى پونادداتتا، قاتارلىقلار شاھىت

ئىزاھات:

① Rockhill: 《Life of the Buddha》 pp: 234

①روكھىلل: «بۇددا ساكيامۇنىنىڭ ھاياتى»، 234 ـ بەت (ئىنگلىزچە)

⑧②« جۇڭگودىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ئۇستىدە تەتقىقات»، 1989 ـ يىل نەشرى. 71 ـ، 68 ـ بەتلەر (خەنزۇچە)

⑤③جاڭ گۇڭدا، روڭ شىنجاڭ: «ئۇدۇن تارىخى ئۇستىدە تەتقىقات»، 1992 ـ يىل نەشرى، 16 ـ بەت17.

④« جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى»، 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ. (خەنزۇچە)

⑥ ۋۇچىيۇ: (فرانسىيە) «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەت ۋە تىللار ئۇستىدە تەتقىقات»، تەيبېي مىنگونىڭ 76 ـ يىلى نەشرى، 783 ـ بەت. (خەنزۇچە)

⑦بۇ ھەقتە نيۇ رۇجى ئەپەندىنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ. (خەنزۇچە)

⑧بۇ ھۆججەتنى گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئېممىرىك ئەپەندى «ئىرانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ جىلد 3 ـ سانىدا، «جۇڭگونىڭ ئۇدۇن يېزىقىدىكى يېڭى يازما يادىكارلىقى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان. خەنزۇچە تەرجىمىسى « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، (ئىچكى سان) 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان 21 ـ بەتكە قاراڭ.

(ئاپتور شىنجاڭ كۇسەن تاش كېمىر تەتقىقات ئورنىدىن)

**مۇھەررىرى مۇختار مۇھەممەد**



# سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،
بۇغدايچە گېپىڭ يوقمۇ؟
سۆيەرمىكىن دەپ كەلسەم،
سۆيگۈدەك ئېپىڭ يوقمۇ؟

ئالا قوينىڭ نەرقى بار،
قارا قوينىڭ نەرقى بار.
بالدۇر سۆيگەن يارىمنىڭ
هازىرقى ئۇز، پەرقى بار.

دەريا سۈيى سۈزۈكتۇر،
كۆرۈنىدۇ تاشلىرى.
يۈرىكىمنى ئوينىتار،
يارنىڭ قەلەم قاشلىرى.

سەنمۇ ھەيدە مەپەڭنى،
مەنمۇ ھەيدەي مەپەمنى.
ئاخشاملىرى كەپ تۇرۇڭ،
يىراق كۆرمەي كەپەمنى.

بۇلتۇر تىككەن تەكلىرىڭ
كۆكلەپ يارىڭ ياپتىمۇ؟
ئەمدى مەندىن ئايرىلىپ،
كۆڭلۈڭ ئارام تاپتىمۇ؟

ئېتىمغا بوغۇز بەرسەم،
ئىشتىها بىلەن يەيدۇ.
بىر قىزغا كۆڭۈل بەرسەم،
ئاچام قويمىدى دەيدۇ.

مەن قويۇمنى ھەيدىدىم،
بۇزاڭدىكى ئوتلاققا.
بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم،
جانانىخان بوغماققا.

قارا قۇندۇز ساچىڭنى
تال – تال قىلىپ ئۆرۈۋال.
جان نىگارىڭ سەكراتتا،
چاپسان بېرىپ كۆرۈۋال.

باغىمدىكى ئۆرۈكنىڭ
تەڭ يېرىمى خۇۋانە.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا
بولدۇم غېرىب دىۋانە.

ئۆرۈكلەرنىڭ سەرخىلى،
ئاق ياغلىق، قارا ياغلىق.
يارىمنى سۆيەي دېسەم،
دۈشمەن تازلار ماراقلىق.

مەن ئېتىمنى چاپتۇرسام،
چۆمۈپتۇ قارا تىرگە.
ئەمدى ھەرگىز كۆڭلۈم يوق،
سەندەك بىۋاپا ئەرگە.

باغىمدىكى توغاچىنىڭ
تۈگەپ قاپتۇ پىشقىنى.
خۇمار كۆزلۈك يارىمنىڭ
تېپىۋالدىم ئىشقىمنى.

توقۇپ قويدۇم سەپەرگە،
چىلان تۈرۈق، جەدىنى.
قاچانغىچە تارتارمەن،
سەن خېنىمىنىڭ دەردىنى.

بىر چۆنەككە گۈل تىكتىم،
بىر چۆنەككە پۇرچاق، ماش.
مېنى ئوتتا كۆيدۈرگەن،
شارادىخان قەلەم قاش.

پەغەزدىكى دەمدىرنى،
ئۈركۈتكەنگە كەتمەيدۇ.
بالدۇر سۆيگەن چوكانلار،
ھازىرقىغا يەتمەيدۇ.

كۆلچەكتىكى بېلىقلار،
ئوينىشىدۇ پىلتىڭلاپ.
يارنى يولدىن ئازدۇردى،
قېرى دەللە گىنلىڭلاپ.

ئوچاقتىكى ئوتتۇنغا
ئوت ياقسام ھېچ كۆيمەيدۇ.
يارغا نېمە بولدىكىن،
زوق – شوق بىلەن سۆيمەيدۇ.

سەپەرگە چىقارمەن دەپ،
توقۇپ قويدۇم ئېتىمنى.
ئالغانمىدۇ تاپشۇرۇپ،
ئوماق يارىم خېتىمنى.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
چۈشتىمۇ يا سولاقتا.
سەن يارىمنىڭ كۆزلىرى،
ئوخشار ئەينى بۇلاقتا.

ئاق چەينەككە چاي سالدىم،
كۆك چەينەككە چاي نەدە؟
مەن يارنى سۆيەي دېسەم،
سۆيمىدىغان جاي نەدە؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنى
سودىگەردىن ئالغانمۇ؟
ماڭا قىلغان شۇ ۋەدەڭ،
راستىمۇ ياكى يالغانمۇ؟

قورام تاشتا ئولتۇرغان،
تۇمشۇقى قىزىل قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرىكىم تويمىدى يارغا.

قاپاق تېرىدىم دېسەن،
ياماشتىمۇ باراڭغا.
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە،
ئوخشاپ قالدىم ساراڭغا.

بۇركۇتىمنى قۇشلىسام،
توشقان بىلەن غاز ئالدى.
سەن يارىمنى بىر كۆرمەي،
جان چىققىلى ئاز قالدى.

دەريا سۇيى ئۇلۇغكەن،
ئات مىنىپ ئاران ئۆتتۇم.
كېلەرمىكىن يارنى دەپ،
شامدىن تاڭغىچە كۈتتۇم.

ھاۋانى بۇلۇت باستى،
يامغۇردىن بېشارەت بار.
ئەمدى بارمىسام بولماس،
يارىمدىن ئىشارەت بار.

كەپتىرىمگە دان بەرسەم،
گۇگۇلاپ كۇلۇپ كەتتى.
كۆڭلۈمدىكى شول يارىم،
بەك بالدۇر ئۆلۈپ كەتتى.

يازدا كەلگەن كەلكۈن سۇ،
تاشلاپ كەتتى لاي سېغىز.
يارىم كەلسە يېسۇن دەپ،
ئېتىپ قويدۇم چامېغىز.

ئېرىقىمدا سۇزۇك سۇ،
شىلدىر ـ شىلدىر ئاقىدۇ.
مېنىڭ يارىم بەك ئوماق،
كۆڭلۈمگە بەك ياقىدۇ.

ماڭا تۇتقان بۇ چېيىڭ
ئاق چايمۇ، قارا چايمۇ؟
نېمانچە چىرايلىق سەن،
ئاتاڭ كۈن، ئاناڭ ئايمۇ؟

قار يامغۇر تولا يېغىپ،
ساراي تېمى چاك كەتتى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
ساڭا نېمە دەرد يەتتى؟

قاپىقىڭدا سۇ بارمۇ،
ئۇسسۇزلۇقتا مەن تەشنا.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
مەڭگۈلۈك بولاي ئاشنا.

يانچۇقتا پۇل تۈگەپتۇ،
گۈلە، ياڭاق ساتايمۇ؟
يارنىمنىڭ سارايىدا،
مېھمان بولۇپ ياتايمۇ؟

باغچامغا ئانار قويسام،
بۇ يىل كىنزدى بولۇقتا.
سەن يار ئۈچۈن مەن رازى،
چۈشۈپ قالسام سولاقتا.

سۇ بەرمەپسەن كەپتەرگە،
ئۇسساپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟
سىر تۇتماپسەن دۈشمەندىن
يايراپ كۈلسۇن دېدىڭمۇ؟

قوي سۇغارغىلى بارساڭ،
سىڭلىڭنى ئېلىپ بارما.
سۆيۈۋالاي خالىدا،
ھېچكىمگە تىنىپ سالما.

مەي باغلاپ راسا پىشتى
بىزنىڭ باغدىكى توغاچ.
كۆڭلۈم مېنىڭ خۇش دائىم،
ياندا يار جانان بولغاچ.

ئالما قويغان تەكچەڭگە
بېھى قويدۇم كۆردۈڭمۇ؟
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
دۈشمىنىمنى سۆيدۈڭمۇ؟

قويۇمنى قويۇپ بەردىم،
دۆڭ باغقا، قوناقلىققا.
كۆڭلۈڭ قانداق چۈشكەندۇ؟
شاپ بۇرۇت پۇناقلىققا

ئېشىڭ تۇزسىز بوپقاپتۇ،
تۇزلۇقىڭدا تۇز يوقمۇ؟
چوڭ گەپ قىلما مەن ئۈزدەپ،
سەندىن ئۆزگە ئۈز يوقمۇ؟

يېڭى چاپقان ئېرىقنىڭ
سۈيى راۋان ئاقمىدى.
دادام تېپىپ بەرگەن يار،
كۆڭلۈمگە ھېچ ياقمىدى.

كەپتەرخاناڭ كىچىككەن،
كەپتەرلىرىڭ پاتمايدۇ.
چاقچاق قىلما چوكانغا،
بۇرۇتىڭ خەت تارتماپتۇ.

سالغا ئاتتىم پەم بىلەن،
تولپارىمنى تۇتۇشقا.
بارماقچىمەن كەچقۇرۇن،
يار كۆڭلىنى ئۇتۇشقا.

قوغۇن تېرىسام باغقا،
شۇمبۇيا ئۈنۈپ قالدى.
قىزىنى سۆيۈپ تۇرسام،
ئانىسى كۆرۈپ قالدى.

مەھەللەڭگە بارغاندا،
ناخشا ئېيتتىم يانغۇچە.
بالدۇر سۆيگەن يارىمنى،
ئۇنتۇمايمەن ئۆلگىچە.

ئارىلىق يىراق بولغاچقا،
كۆرۈشۈش بەك تەس بولدى.
تۇنجى سۆيگەن يارىمنىڭ
ئوتى ئەمدى پەس بولدى.

قويلىرىڭنى ھەيدەپ چىق،
بىللە باقىلى قوينى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
قاچان قىلىمىز توينى؟

تەلپەك ـ توماق تىكىپلا،
بازاردا ساتاي دەملا؟
كونا يارنى ياراتماي،
يېڭى يار تاپاي دەملا؟

چۆگۈن قويدۇم ئوچاققا،
قاينىغاندۇ بۇ چاغقا.
سەن يارىمنى بالدۇرراق،
ئالسام دەيمەن قۇچاققا.

پۇتۇمدىكى چورۇقنىڭ
تېشىلىپتۇ سونجىقى.
زەپ ياراشتى يارىمغا،
ئېسىۋالغان مونچىقى.

باغنىڭ ئىچى لاي ئىكەن،
كىرسەم ئىزلىرىم قالدى.
كۆرۈپ قېلىپ بىر قىزنى،
يۈرەك باغرىم ئوت ئالدى.

تېۋىپ بەرگەن دورىنى
ھاۋانچاڭدا سوقمامسەن؟
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
خۇدايىمدىن قورقمامسەن؟

دوپپا تىكتىم چىرايلىق،
يارىمغا ئاتاپ.
ئەزىز يارنىڭ دەردىدە،
مەن بولدۇم بىتاپ.

ناخشا ئېيتسام ئاۋازىم
قۇمباغقا يەتتى.
يارىم ھېچ كۆرۈنمەيدۇ،
نەلەرگە كەتتى؟

كېچىلىرى چۈشۈمدە،
يار سېنى سۆيدۈم.
ئەمدى ئېيتماي بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيدۈم.

توپلىغۇچى: مۇھەممەتجان ئىسمائىل
(چىرا سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ئەينەك تاغدىكى جاۋاھىرات

( چۆچەك )

بۇرۇنقى زاماندا مەلۇم بىر يېزىدا بىر موماي بىلەن بىر بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇلار ناھايىتى نامرات بولۇپ ھاجىم دېگەن بىرلا ئەتىۋارلىق ئوغلى بار ئىكەن.

ئۇلار ئولتۇرىدىغان كەنتتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بىر ئەينەك تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغ شۇنداق ئېگىز ئىكەنكى، ئۇنىڭغا چىقىدىغان يول يوق ئىكەن. بۇ تاغنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

بىر كۈنى ھاجىم بازارغا بېرىپتۇ. بازاردا نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىپ، پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاۋاتقۇدەك:

—قايسىڭ باتۇر بولساڭ ئورنىڭدىن تۇر، مۇنۇ ئەلەڭگۈچكە ئولتۇر، بىز ئۇنى ئۇچۇرىمىز ـ دە، ئەنە شۇ باتۇرنى ئەينەك تاغقا چىقىرىپ قويىمىز! — دېپتۇ يارلىقچى.

كۆپچىلىك يارلىقچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ.

—مەن چىقاي، —دەپتۇ ھاجىم.

بۇ بالا ئەلەڭگۈچكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇنى ئۇچۇرۇپ، ئەينەك تاغقا چىقىرىپتۇ.

ھاجىم قارىسا، ئۇ يەردە مەرۋايىت، ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، چىنە تاش دېگەنلەر سان ـ ساناقسىز ياتقۇدەك.

—كۈمۈش، مەرۋايىت ۋە چىنە ـ تاش بار ئىكەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ پەستە تۇرغانلارغا.

پەستىكى كىشىلەرمۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

—ھوي يىگىت، قېنى تاشلا، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھاجىم ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئۇلارغا ھەدەپ تاشلاپ بېرىشكە باشلاپتۇ، ئۇ شۇنچە كۆپ تاشلاپتۇكى، كىشىلەر ئېلىپ كېتىشكە ئامالسىز قاپتۇ.

—بولدى ئەمدى، مېنى چۈشۈرۈۋېلىڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ ھاجىم.

ئەمما ئۇلارنىڭ ھاجىمنى چۈشۈرۈۋالغۇسى كەلمەپتۇ.

—بىرئاز توختا، بىز بۇ ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كېتىپ، چوڭ هارۋىلارنى ئېلىپ كېلىمىز، هارۋىلىرىمىزنى تولدۇرۇپ بەرسەڭ ئاندىن سېنى چۈشۈرۈۋالىمىز، —دېيىشىپتۇ ئۇلار.

ھاجىم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تاغدىن چۈشۈرۈپ قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىلاجىسىز بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تېپىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۆڭكۈر بىلەن تاغ-

دىن چىقىپ ئورمانلىق ئىچىدىكى بىر كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ناھايىتى زور بىر قوتان تۇرغۇدەك.

بۇ قوتاندا ئاز دېگەندە 300 قوي تۇرىدىكەن.

ھاجىم بۇ قوتاننى پاكىزلاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ، قوتاننى ئاخىر پاكىز تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

كەچتە قوي پادىلىرى تاغدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئۈچ كۆزلۈك سەركە ۋە قويلار قوتاننىڭ پاكىز تازىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ:

— بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ، خوجايىنىمىز — بوۋاينىڭ كۆزى كۆرمەيتتىغۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ كۆزلۈك سەركە بىر ئۆچكىنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا قوتاننى كىم تازىلايدىغانلىقىنى قاراشنى جېكىلەپتۇ. قوي پادىسى كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئۆچكە قوتاندا تۇرۇپتۇ، تۇرۇپتۇ، بىر ۋاقىتلاردا قورسىقى ئېچىپ، قوتاندىن چىقىپ، ئورمانلىقتا بېرىپ بىر پەس دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەپتۇ، ھاجىم دەل شۇ چاغدا قوتاننى يەنە تازىلاپ قويۇپتۇ.

قوي پادىسى قايتىپ كەلگەندە، سەركە سوراپتۇ:

— ھوي، ئۆچكەم، قوتاننى كىم تازىلىدى؟

— ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، مەن چىقىپ بىرئاز دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەپ قايتىپ كەلسەم، قوتان پاكىزلىنىپ قاپتۇ.

سەركە ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ، قوتاندا باشقا بىر ئۆچكىنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ يەرگە بارماستىن، قوتاننى كىمنىڭ تازىلايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. قويلار ئوتلاشقا كېتىپتۇ، ھېلىقى ئۆچكە قىمىر قىلماي قوتاننى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، تۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، دەل شۇ چاغدا ھاجىم قوتاننى تازىلاپتۇ.

قوي پادىسى قايتىپ كەلگەندە، سەركە سوراپتۇ:

— ھوي ئۆچكەم، قوتاننى كىم تازىلىدى، كۆردۈڭمۇ؟

— ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، — دەپتۇ ئۆچكە.

— نېمىشقا؟ سەنمۇ دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكە كېتىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— ياق؛ مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام، قوتان پاكىز تازىلىنىپ قاپتۇ.

سەركە ئۇنىڭغىمۇ قاتتىق كايىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى سەركە ھەممە قويلارنى ئۆزلىرى ئوتلاپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى قاپتۇ. سەركە قوتاندا تۇرۇپتۇ، تۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەمما ئۈچ كۆزىنىڭ ئىككىسىنى يۇمۇپ، بىرىنى ئوچۇق قويۇپ ئۇخلاپتۇ. ھاجىم ئەمدىلا ئورمانلىقتىن چىقىشىغا سەركە ئۇنى تۇتىۋېلىپ، سوراپتۇ:

— تېز جاۋاب بەر، سەن كىم، ئادەم بالىسىمۇ، ياكى جىن شەيتانمۇ؟

— مەن ئادەم، جىن شەيتان ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاجىم.

— ئۇنداق بولسا، بىز بېرىپ ئىگىمىز بىلەن كۆرۈشەيلى.

قويلارنىڭ سەركىسى ھاجىمنى بوۋاينىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاجىم بوۋاينىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپتۇ.

— بوۋا، — دەپتۇ ئۇ ئەتىگەندە، — قويلارنى بۈگۈن مەن باقاي.

خوپ، بالام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي، — بىراق شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەككى، قوي پادىسىنى ھەرگىز قارا يارغا ئېلىپ بارمىغىن. ئۇ يەردە ئاجايىپ گۈزەل بىر ئايال جىن بار.

ھاجىم قويلارنى ئوتلاققا ھەيدەپ مېڭىپتۇ. بوۋاي

ـسىغا قويلارنى قارا يارغا ئېلىپ بارماسلىقنى تاپـ
ـرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شۇ يەرگە ئېلىپ
ـىپتۇ. قويلار ئوتلاۋاتقاندا، ھاجىم بىر تاشنىڭ
ـستىدە ئولتۇرۇپ، نەي چېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، نەي
ـلىشتا تەڭدىشى يوق ماھىر ئىكەن. ئايال جىن
ـنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاغدىن چىقىپتۇ.

—سەن بەك ياخشى چالىدىكەنسەن، ئادەم بالىسى،
ـتۇ ئۇ، —بىز ئىككىمىز بەسلىشەيلى، سەن نەي
ـلىپ بەر، مەن ئۇسسۇل ئوينااي، كىم ئاۋۋال ھېـ
ـپ قالسا ئۇ، يەنە بىرىنىڭ قۇلى بولسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ھاجىم كۈن بويى نەي چېلىپتۇ،
ـال جىن كۈن بويى ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئۇلار شۇ
ـتى كەچكىچە بەسلەشكەن بولسىمۇ، بىر - بىرىنى
ـى يېڭەلمەپتۇ. كەچتە ھاجىم قويلىرىنى ھەيدەپ
ـتىپ كېتىپتۇ.

—ۋۇي بالام، دەپتۇ بوۋاي، —سەن كېچىكىپ
ـدىڭغۇ، قويلارنى قارا يارغا ئېلىپ بارغان ئوخشايـ
ـەن؟

ھاجىم بوۋاينىڭ سۆزىگە ئۇنىماپتۇ.
ـەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي ئۇنىڭغا يەنە:

—بالام، قويلارنى قارا يارغا ئېلىپ بارما، مەن
ـە شۇ يەردە كۆزۈمدىن ئايرىلغان.

ھاجىم ئۇ يەرگە بارماسلىققا ماقۇل بولغان بولـ
ـىمۇ، ئەمما قوي پادىسىنى يەنىلا شۇ يەرگە ھەيدەپ
ـرىپتۇ. ئۇ ھېلىقى تاشقا ئولتۇرۇپ نەي چېلىشقا
ـشلاپتۇ.

—سەن چال، مەن ئۇسسۇل ئويناي، — دەپتۇ
ـال جىن يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ـۇلار يەنە كەچكىچە بەسلىشىپتۇ، ئەمما ھېچبىرى
ـڭەلمەپتۇ.

ھاجىم قويلارنى ھەيدەپ قايتىپ كەلگەندىن كېـ
ـىن، بوۋاي ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دەپتۇ:

—بالام، سەن يايلاقتىن قايتىشتا كېچىكىپ
قالدىڭ، سەن قويلارنى قارا يارغا ئېلىپ بارغان ئوخـ
شايسەن.

ھاجىم بۇ قېتىممۇ ئۇن چىقارماپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بوۋاي ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى
جېكىلەپتۇ:

—قويلارنى قارا يارغا ئېلىپ بارمىغىن، ئۇ جىن
كۆزۈمنى شۇ يەردە ئويۇۋالغانىدى.

ھاجىم قويلارنى قارا يارغا ھەيدەپ بارسا، ئايال
جىن ئۇ يەردە ئاللىقاچان ھاجىمنى كۈتۈپ تۇرغۇدەك.

—ھە، قانداق، ئادەم بالىسى، — دەپتۇ ئۇ، يەنە
چالامسەن؟

—نېمە ئۈچۈن چالمايمەن؟ —جاۋاب بېرىپتۇ
ھاجىم، مەن نەي چالاي، سەن ئۇسسۇل ئوينا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بەسلىشىشكە باشلاپتۇ.
ھاجىم تاكى كەچ كىرگىچە چېلىپتۇ، ئايال جىنمۇ
شۇ چاغقىچە ئويناپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ قاپتۇ، شۇ
چاغدا جىن ئۇسسۇلدىن توختاپتۇ.

—ئۇھ، ھېرىپ كەتتىم، بىر نەپەس ئېلىـ
ۋالاي! ، — دەپتۇ - دە، يەرگە يىقىلىپتۇ.

ھاجىم ئۇنى دەرھال تۇتۇپ، دەرەخكە باغلاپ قويـ
ۇپتۇ - دە، قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتماقچى
بوپتۇ.

ئايال جىن ھاجىمغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

—مېنى يېشىۋەت، ئادەم بالىسى، مېنى قويۇۋەت.

—خوپ، —دەپتۇ ھاجىم، —مەن سېنى يېـ
شىۋېتەي، ئەمما سەن ئاۋۋال بوۋاينىڭ ئىككى كۆزىنى
نەدە قويغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەر.

سەن ئاۋۋال مېنى قويۇپ بەرگىن، ئاندىن ئېيتىپ
بېرەي.

ھاجىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، قويلىرىنى
توپلاشقا باشلاپتۇ.

—كېتىمىز، —دەپتۇ قويلىرىغا، — ئۇ مۇشۇ
دەرەختە باغلاقلىق تۇرۇپ ئۆلسۇن.

ئايال جىن قورقۇشقا باشلاپتۇ - دە، بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى ناھايىتى ئېگىز بىر يارغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھاجىم ئاشۇ يارغا چىقىپ، بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى تېپىپ ئېلىپ، قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. جىن يەنە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

—توختا، ئادەم بالىسى، مېنى قويۇۋەت!

—قېنى سەن ئېيتىپ باق، —دەپتۇ ھاجىم، — قانداق قىلغاندا بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا كۆرىدىغان ھالغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ راستىنى ئېيت، يالغان سۆزلىمە، شۇ چاغدىلا سېنى قويۇپ بېرىمەن.

—تاڭ سەھەردە، ئەمدىلا تاڭ يورۇغاندا، — دەپتۇ جىن- بوۋاينى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، كۈنگە قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويغىن، كۈن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇرلىرى توپتوغرا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چۈشسۇن، دەل شۇ چاغدا سەن كۆزلەرنى ئېلىپ بوۋاينىڭ كۆز چاناقلىرىغا ئورناتقىن، شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ.

ھاجىم جىننى قويۇپ بېرىپ، قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ھاجىم بەك كەچ قايتقانلىقتىن، بوۋاي يەنە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ، ھاجىمدىن قويلارنى قارا يارغا ئېلىپ بارغان - بارمىغانلىقىنى قايتا - قايتا سوراپتۇ. ھاجىم سۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇ يەرگە بارمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەتىگەندە، تاڭ ئەمدىلا يورۇغاندا ئۇ بوۋايغا مۇنداق دەپتۇ:

—يۈر بوۋا، بىز قورۇغا چىقىپ بىر ئاز ئاپتاپ سىنايلى.

كۈن كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا ھاجىم بوۋاينى كۈنگە قارىتىپ قويۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۆز ئورنىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بوۋاينىڭ كۆزى ئەسلىگە كەپتۇ. بوۋاي خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىپتۇ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىگە رەھمەتلەر ئوقۇپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قوي باقىدىغانلىقىنى، ھاجىمنىمۇ بۇ يەردە قېلىپ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىنى ئېيتىپتۇ. ئاخىر ئۇلار شۇنداق قىلىشقا كېلىشىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي قويلارنى ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا ھاجىمنى ئالدىغا چاقىرىپ، بىرمۇنچە ئاچقۇچلارنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

—مانا، بۇلارنى ئال بالام، بۇ ھەممە ئۆيلەرنى ئاچىدىغان ئون بىر دانە ئاچقۇچ، ئون ئىككىنچىسىنى ئۆزۈم ساقلايمەن، چۈنكى سەن تېخى كىچىك، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرۇپ قويما!

ھاجىم ھەممە ئۆيلەرگە بىرقۇر سىنچىلاپ قاراپ چىقىپتۇ. ھەممە ئۆيلەردە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەت باھالىق نەرسىلەر، چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەر، كۈمۈشتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، يەنە بىر ئۆيدە ناھايىتى كېلىشكەن بىر توسۇن ئات تۇرغۇدەك. ئەمما ھاجىمنىڭ ئون ئىككىنچى ئاچقۇچنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھېلىقى ئۆينى ئاچمىغىچە زادى كۆڭلى تىنماپتۇ. ئۇ بوۋايدىن: «ئون ئىككىنچى ئاچقۇچنى ماڭا بەرسىڭىز » دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەمما بوۋاي كاجلىق قىلىپ ئاچقۇچنى بەرگىلى ئۇنىماپتۇ:

—سەن ياش، بالام، —دەپ تەكرارلاپتۇ بوۋاي، —سەن بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، بىرەر بالايىئاپەت تېپىپ بېرىسەن.

ھاجىم بىر - ئىككى كۈن جىم يۈرۈپ، بوۋايغا يەنە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاي ئۆز سۆزىدە قاتتىق تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر بېشىنى چايقاپ، بىر ئۇھ تارتىپتۇ - دە، ئون ئىككىنچى ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ھاجىم ئۆينى ئېچىپ كىرىپ، ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى كۆلنى كۆرۈپتۇ. بوۋاينىڭ ئۆزىنى بۇ

ئۆيگە كىرگىلى قويمايدىغانلىقىنىڭ نېمە سىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ كەينىگە بوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق تۇرسا، تۇيۇقسىزلا تۇرخۇندىن ئۈچ گۈزەل قىز — ئۈچ ساھىبجامال قىز ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ، ئۇلار كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ قويۇپ، كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ ئۈزۈشۈپتۇ.

— تېزرەك، تېزرەك، — دېيىشىپتۇ ئۇلار ئالدىرىشىپ، — ئادەملەرنىڭ كۆزى بىزنىڭ بۇ يەردە سۇ ئۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن!

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە شۇ كۈنى، شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئۈچ گۈزەل قىز ئۇچۇپ كېلىپ كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە چۈشۈپتۇ. ئاندىن يەنە ئادەملەر كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم بۇ گۈزەللەر يۇيۇنۇشقا باشلىغاندا، ھاجىم قولىنى سۇنۇپ، ئەڭ كىچىك ساھىبجامالنىڭ كۈمۈش بەلۋېغىنى ئېلىۋاپتۇ. گۈزەللەر سۇدىن چىققاندىن كېيىن، ئىككىسى كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۈچىنچىسى پەرۋانە بولۇپ بەلۋېغىنى ئىزدەپتۇ. بۇ چاغدا يىگىت ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئاتقا ئېگەرنى توقۇپ، ساھىبجامالنى ئالدىغا ئېلىپتۇ. ئات ئۇلارنى بۇ تاغدىن ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇ، ئاتنى قورۇدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئاتنىڭ تۇۋىقى تاشقا تېگىپ تاراقلاپ كەتكىنىنى بوۋاي ئاڭلاپ قاپتۇ.

— ھەي، بالام، مەن ساڭا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويمىغىن دەپ ئاگاھلاندۇرمىدىممۇ، خەير، بوپتۇ، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمما شۇنى يادىڭدا تۇت، ئەگەر بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالساڭ بۇ يەرگە كەلگىن، مەن سېنى قۇتقۇزالايمەن!

بۇ ئۇلۇغ ئات ھاجىم بىلەن ساھىبجامالنى ئېلىپ، ئېيىنەك تاغدىن ئۇچۇپ، ھاجىمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ توختاپتۇ. ھاجىم كۈمۈش بەلۋېغىنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ قويۇشنى، ساھىبجامالغا ئېلىپ بەرمەسلىكنى جېكىلەپتۇ.

— ئەگەر بەلۋاغنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويساڭ ئانا، — دەپتۇ ئۇ، — كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىز ئۇنى تۇتۇپ قالالمايمىز.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بوۋاي، موماي، ھاجىم ۋە ھېلىقى ساھىبجامال بىرگە ئۆتۈپتۇ.

ئايلار يىللار ئۆتۈپ، ھاجىم چىرايلىق بىر يىگىت بوپتۇ. توي يېقىنلاشقان چاغلاردا، ساھىبجامال قېينانىسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ.

— مېنىڭ كۈمۈش بەلۋېغىمنى تېزرەك ئېلىپ بەرسىڭىز. ئەگەر ئېلىپ بەرمىسىڭىز، چىرايلىق ياسانغان قىزلار تويغا كەلسە، مەن چېنىپ قالىمەن. موماي بوپتۇ، ئۇمۇ بىرئاز كۆڭلىنى ئېچىۋالسۇن! ئۇ نەگىمۇ كەتسۇن؟ مەن بارلىق دېرىزىلەر ۋە ئىشىكلەرنى تاقىۋېتەي، قېنى، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرەي! — دەپ ئويلاپ بەلۋاغنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ساھىبجامال ئۆزىنىڭ كۈمۈش بەلۋېغىنى تاقاپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. قىزلار ئۇنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ:

— بىر ئۇسسۇل ئويناپ بەرسىڭىز، ساھىبجامال، — دېيىشىپتۇ.

— دوستلار، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇسسۇل بىلمەيمەن، ئەمما ئۇچالايمەن.

قىزلار ھەيران قېلىشىپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن:

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، قېنى، كۆرۈپ باقايلى، — دېيىشىپتۇ.

ساھىبجامال بەلۋېغىنى لەپىلدىتىپ تۇرۇشقا يېقىنلىشىپتۇ، ئاندىن تۈڭلۈكتىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇچۇۋېتىپ مومايغا ۋارقىراپ:

— خاپا بولماڭ ئانا، مەن ئاچىلىرىم ۋە ئىنىلىرىمنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئوغلىڭىز بىلەن توي قىلالمايمەن! مېنىڭ مۇنۇ ئۈزۈكۈمنى ئوغلى-

ئىزغا بېرىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئۇ مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، — ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇزۇكنى مومايغا بېرىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ھاجىم ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە سۆيگىنى يوق. ئۇ بۇ بەختسىزلىكنى چۈشىنىپتۇ — دە:

— نېمىگە غەمكىن بولۇپ قالدىڭ، ئانا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭ سۆيگىنىڭ ئۇچۇپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى.

ھاجىم ئاتنى مىنىپ، كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە ئەينەك تاغقا — بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ھاجىمنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ ئۇنى قۇچاقلاپتۇ.

— خوش، ئېيت، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ، مەن ساڭا ياردەم بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرەي.

ھاجىم بوۋايغا ۋەقەنىڭ پۈتۈن ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— بوۋا، ماڭا شۇنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، مەن ساھىبجامالنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاچىلىرى بۇ يەرگە سۇ چۈمۈلۈشكە كېلىپ باقتىمۇ؟

— كەلمىدى، بالام؟

— بوۋا، ئۇلار نەدە ئولتۇرىدۇ؟

— بىلمەيمەن، بالام. ئەمما مېنىڭ ئاكامنىڭ يېنىغا بارغىن. مەن يۈز ياشقا كىردىم، ئۇ ئىككى يۈز ياشقا كىردى، ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى مەندىن كۆپ.

بوۋاي ھاجىمغا ئۆز ئاكىسىنى نەدىن ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھاجىم رەھمەت ئېيتىپ، ئاتقا مىنىپتۇ — دە، ئات بىردەمدىلا ئىككى يۈز ياشلىق بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ مۇنداق دەپتۇ:



— يىگىت، مەن بۇنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. سەن مېنىڭ ئاكامنىڭ ئالدىغا بارغىن، مەن دۇنيادا ئىككى يۈز يىل ياشىدىم، ئۇ ئۈچ يۈز يىل ياشىدى. بەلكى ئۇ، ساڭا بىرەر يول كۆرسىتەر.

ھاجىم بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، ئاتقا مىنىپ، ئۈچ يۈز ياشلىق بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

— قانداقلا بولمىسۇن، — دەپتۇ ھاجىم، — ماڭا بىر ياردەم قىلسىڭىز.

بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىردەم ئويلىنىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن گۈزەلنىڭ ئاچىلىرىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق شۇ نەرسە يادىمغا كېلىۋاتىدۇكى، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاتام ماڭا بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا بۇلاق بار، گۈزەل ئاچا - سىڭىللار ئەنە شۇ بۇلاقتىن سۇ ئالغىلى چىقىدۇ، دېگەنىدى. سەن بۇ توسۇن ئېتىڭنى مىنىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ماڭساڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بارىسەن.

ھاجىم بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ ئاتقا مىنىپتۇ. ئات ئۇنى ئاشۇ بۇلاق بار يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ھاجىم ئېگىز، قويۇق ئۆسكەن ئوت چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، تۇيۇقسىزلا بىر قىزچاقنىڭ سوغا كۆتۈرۈپ بۇلاققا سۇ ئالغىلى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ، بۇلاقتىن سۇنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، ھاجىم ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن چىقىپ سوراپتۇ:

— سىز كىم بولىسىز؟

— مەن تۇنجى ساھىبجامالنىڭ دېدىكى بولىمەن.

— سۇيىڭىزدىن بىر ئاز ئىچەيمۇ؟

— مەيلى، ئىچىڭ.

بۇ قىز ھاجىمغا سوغىنى بېرىپتۇ، ھاجىم بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىۋېلىپ، رەھمەت ئېيتىپتۇ. قىز

كەتكەندىن كېيىن، ھاجىم يەنە ئوت چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇ يەنە بىر قىزچاقنىڭ بۇلاقتىن سۇ ئېلىشقا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سۇنى ئېلىپ، ماڭاي دېگەندە، ھاجىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەنە شۇنداقلا سوئال قويۇپتۇ:

—سىز كىم بولىسىز؟

—مەن ئوتتۇرانچى ساھىبجامالنىڭ دېدەكى بولىمەن.

يىگىت ئۇنىڭدىنمۇ سۇ سوراپتۇ. قىز ئۇنىڭغا سۇيىنى بەرگەندىن كېيىن كېتىپتۇ. ھاجىم يەنە ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى قىزمۇ بۇلاققا سۇ ئالغىلى كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

—سىز كىم بولىسىز؟

—مەن كەنجى ساھىبجامالنىڭ دېدەكى بولىمەن.

ھاجىم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭدىن ئىچىشكە بىرئاز سۇ سوراپتۇ، شۇ ئارىدا سۆيگىنىنىڭ بەرگەن ئۈزۈكىنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ - دە، سۇ ئىچكەندە، ئۇنى تۈيدۇرمايلا سوغىغا تاشلاپ قويۇپتۇ.

قىزچاق ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، سوغىنى ساھىبجامالغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ، سۇ ئىچىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆزىنى كىمنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، ۋەقەنى ئاچىلىرىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۈچ ساھىبجامال بىرلىكتە بۇلاق بېشىغا بېرىپ ھاجىمنى كۆرۈپ، مۇنداق دېيىشىپتۇ:

—ھەي يىگىت، سەن بۇ يەردىن ھايات كېتەلمەيسەن، بىزنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىمىز كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم يەيدىغان جىن - ئالۋاستىلار. بىز سېھىرگەرلىك بىلەن سېنىڭ شەكلىڭنى ئۆزگەرتىۋېتەيلى، —دەپ ئۇنى بىر ئالمىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاچا - سىڭىللار ئالمىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. كەچتە ئون ئىككى ئاغا - ئىنى ئوۋدىن قايتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم يەيدىغان جىن - ئالۋاستىلار ئىكەن. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ، بىرقۇر تىمىسقىلاپ كۆرۈپلا:

—قولاق سېلىڭلار ئاچا - سىڭىللار، بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ ھىدى بار؟

—سىلەر نېمە دەيسىلەر، سۆيۈملۈك ئاغا - ئىنىلەر، —دەپ چۇرقىرىشىپتۇ ئاچا - سىڭىللار، —بىز ئادەمنى نەدىن تېپىپ كېلەيلى، سىلەر چوقۇم ئادەم گۆشىنى تېتىپ كۆرگەن ئوخشايسىلەر، شۇڭا ھەممىلا يەرنى ئادەم ھىدى قاپلاپ كەتكەن، ئەگەر بۇ يەردىن بىرەر ئادەم ئۆتۈپ قالىدىغان بولسا، سىلەر ئۇنى چوقۇم يەپ تاشلايسىلەر!

—بىز يېمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، — ئاغا - ئىنىلەر، ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ، ئۇلارنى ئەگەر ئۆيدىن بىرەر ئادەم چىقىپ قالسا، يېمەسلىككە قەسەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلار ئېگىز تاغلار ۋە دالىلارنى تىلغا ئېلىپ قەسەم بېرىشىپتۇ. ئاچا - سىڭىللار ئۇلارنىڭ مۇنداق قەسەملىرىگە ئىشەنمەپتۇ.

— سىلەر ئۆز كاللاڭلار بىلەن قەسەم بېرىڭلار، —دەپتۇ ئاچا - سىڭىللار، — شۇ چاغدىلا بىز سىلەرنىڭ ئۇنى يېمەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز.

ئۇلار دەل شۇنداق قەسەم بەرگەندىن كېيىنلا ئۈچ ئاچا - سىڭىل يەنە بىر سېھىرگەرلىك بىلەن ھاجىمنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئاغا ئىنىلىرىغا ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

—خوپ، دەپتۇ جىن - ئالۋاستىلار، —بىز كىچىك سىڭلىمىزنى ئۇنىڭغا بېرىمىز، بىراق بىز ئۇنىڭ كۈچى ۋە ئەقلىنى كۆرۈپ بېقىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇ بىزدىنمۇ كۈچلۈك، ئەقىللىق بولىدىكەن، بىز

كىچىك سىڭلىمىزنى ئۇنىڭغا بېرىمىز.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە جىن ـ ئالۋاستىلار ھاجىمنى ئورمانلىققا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— بىز ھەربىرىمىز بىر كۆتۈرۈمدىن ئوتۇننى ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىمىز، ئەگەر سەن بىزدىن كۆپ كۆتۈرسەڭ بىز كىچىك سىڭلىمىزنى ساڭا بېرىمىز.

جىن ـ ئالۋاستىلار ئۆتۈننى دۆۋە ـ دۆۋە قىلىپ توپلاشقا باشلاپتۇ. ھاجىم بۇ ئوتۇن دۆۋىلىرىنىڭ زورلۇقىنى كۆرۈپ، قورقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ، قانداقمۇ شۇنچە نۇرغۇن ئوتۇننى كۆتۈرەلىسۇن، ئۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنى قانداق قىلىپ ئالداش ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ، ئاخىر ئامال تېپىپتۇ. ئۇ يېنىدىكى ئارغامچىنى ئېلىپ، بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۇنى ئورمانلىقنى ئايلاندۇرۇپ مېڭىپتۇ.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، ئاغا؟ — سوراپتۇ جىن ـ ئالۋاستىلار.

— مەن ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ ئوتۇن توشۇپ يۈرۈشنى ياقتۇرمايمەن، — دەپتۇ، ھاجىم، — مەن پۈتۈن ئورمانلىقنى باغلاپ، كۆتۈرۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئۆيگە ئاپىرىپ تاشلاي دەيمەن.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ جىن — ئالۋاستىلار ھەيران قېلىشىپتۇ، — بولدى، ھاجىتى يوق! بىز سەنسىزمۇ ئوتۇنلىرىمىزنى ئېلىپ كېتەلەيمىز. ئەگەر پۈتۈن ئورماننى ئېلىپ كېتىدىغان بولساق، قوشنا جىن ـ ئالۋاستىلار بىزدىن ئاغرىنىشىدۇ.

جىن ـ ئالۋاستىلار ئوتۇنلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ، يىگىت ئۇلارنىڭ يېنىدا ھېچنېمە كۆتۈرمەي كۈلۈمسىرەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاچا ـ سىڭىللىرىغا مۇنداق دېيىشىپتۇ:

— ھەي، ئاچا ـ سىڭىللار، ئۇ ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى بىزدىن كۆپ ئارتۇق ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ئورمانلىقنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلمەكچى بولدى.

ئىككىنچى كۈنى جىن ـ ئالۋاستىلار ھاجىمنى بۇلاقتىن سۇ كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ناھايىتى زور سوغىلارنى كۆتۈرۈشۈپتۇ، ئەمما ھاجىم بىر گۈرجەك بىلەن بىر كەتمەننى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

— سەن بۇلارنى ئېلىپ نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ جىن ـ ئالۋاستىلار.

— مەن بىكارغا كۈچ سەرپ قىلىشنى خالىمايمەن، ھەر كۈنى سۇ توشۇپ نېمە ئاۋارىچىلىك، مەن پۈتۈن بۇلاقنى ئۆيگىلا كۆچۈرۈپ كېلەي دەيمەن، مۇنداقتا بەكمۇ ئاسان بولۇپ كېتىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن، ئاغا؟ — قورقۇشۇپ كېتىپتۇ ئالۋاستىلار، — باشقا جىن ـ ئالۋاستىلار بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، ياق، بىز سېنىڭسىزمۇ سۇ كەلتۈرەلەيمىز.

— ئادەم بالىسى، — دەپتۇ جىن ـ ئالۋاستىلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا، — بىزدىن ئەقىللىق ئىكەن، ئۇ، پۈتۈن بۇلاقنى بىراقلا ئۆيگە كۆچۈرۈپ كەلمەكچى بولدى.

ئۈچىنچى كۈنى جىن ـ ئالۋاستىلار يىگىتنى ئوۋغا چىقىشقا چاقىرىپتۇ. ئورمانلىققا بارغاندا ئۇلارغا بىر توشقان ئۇچراپتۇ. ئۇلاردىن بىرى توشقاننى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇۋاپتۇ.

— ھەي، — دەپتۇ جىن ـ ئالۋاستىلار، ئەمدى بىز سېنىڭ توشقان قوغلىشىڭنى كۆرۈپ باقايلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئورمانلىققا كىرىپ، بىر ياڭاق دەرىخىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. جىن ـ ئالۋاستىلار ھاجىمغا دەرەختىكى ياڭاقلارنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاغا، سەن دەرەخكە چىقىپ، ياڭاقلارنى ئۈزۈپ چۈش، ئەگەر دەرەخكە چىقىشنى خالىمىساڭ ئۇنى ئېگىپ قويۇپ ئۈزگىن.

ھاجىم:

—مەن بۇنداق يوغان دەرەخنى قانداقمۇ ئېگەي ، ئۇنىڭغا چىقىشىم كېرەك ، — دەپ ئويلاپتۇ .

جىن - ئالۋاستىلار يىگىتنى قىستىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ . ھاجىم ئەمدى دەرەخكە چىقىشى بىلەنلا ، ئۇلار دەرەخنى شۇنداق ئىرغىتىپتۇكى ، ياغاچ دەرەخى ئېگىلىپ يەرگە تېگەي دەپ قالغاندا ، ئۇنى يەنە قويۇپ بېرىپتۇ ، ھاجىمنى دەرەختىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ . ھاجىم دەرەخنىڭ شېخىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ . جىن - ئالۋاستىلار ھاجىمنى دەرەختىن سىلكىپ چۈشۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ۋارقىراپتۇ .

—ھەي ئەمدى چۈشۈپ توشقاننى قوغلا ئەگەر توشقاننى تۇتۇۋالساڭ ، كىچىك سىڭلىمىزنى ساڭا بېرىمىز !

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توشقاننى قويۇپ بېرىپتۇ . ھاجىم ھېچ ئىككىلەنمەستىن ، ئېگىز دەرەختىن ئۆزىنى تاشلاپتىكەن ، دەل توشقاننىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپتۇ

جىن - ئالۋاستىلار ئۇنىڭ توشقاننى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ .

—بەللى ، يىگىت ، سىڭلىمىزنى سەندەك ئادەمگە بەرسەك ھېچ ئارمىنىمىز يوق .

جىن - ئالۋاستىلار ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ، سىڭلىسىنى چاقىرىپ چىقىپ ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن -كۈمۈش تويلۇق بېرىپتۇ . ئۇنى ھاجىمنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا مىنگۈزۈپ ، ھاجىمنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە ئۆتۈشكە قوشۇپ بېرىپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىسمائىل ئاخۇن
توپلىغۇچى: تاجىگۈل
مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ئوڭ قول بىلەن سول قولنى تۇتۇش

يېقىندىن بۇيان سورۇنلاردا ، «قىزچاقىنىڭ قولىنى تۇتساڭ ، ئون سەككىزگە قايتقاندەك بولىسەن ، ئاشناڭنىڭ قولىنى تۇتساڭ ، كۆڭلۈڭ يايرىغاندەك بولىسەن ، قېيىنسىڭلىڭنىڭ قولىنى تۇتساڭ ، ئۆتمۈشۈڭگە پۇشايمان قىلىسەن ، خوتۇنىڭنىڭ قولىنى تۇتساڭ ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن سول قولۇڭنى تۇتقاندەك بولىسەن» دېيىشكەن بىر گەپ تارقىلىپتۇ .

بىر كۈنى بىر سورۇندا ، بىرەيلەن يەنە مۇشۇ گەپنى قىپتۇ . ئەرلەر ، ئارىسىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلماي ھىڭىر كۈلۈۋېرىپتۇ ، كېيىن ئايالنىڭ كۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلكىسىنى توختىتىپتۇ ، بۇ ئايال:



—قالتىس گەپ بوپتۇ ، — دەپتۇ . ئەرلەر ئۇنى تەنە قىلىۋاتىدۇ دەپ:

—چاقچاق قىلىپ قويدۇق ، بۇنى راستىمىكىن دەپ قالماڭ ، — دەپتۇ . ئايال ئەستايىدىللىق بىلەن:

—ئوڭ قولۇڭ بىلەن سول قولۇڭنى تۇتقاندەك بولىسەن ، دېگەن گەپ تازا كەپتۇ . بىرىنچىدىن ، سول قولغا ئوڭ قول يېقىن ، ئىككىنچىدىن ، سول قول بىلەن ئوڭ قول ئۆزۈڭنىڭ ، ئۈچىنچىدىن، باشقا قوللار سىزنى ھەرقانچە خۇشال قىلسىمۇ ، ئۇنى تاشلىۋېتەلەيسەن ، لېكىن ئۆز قولۇڭنىلا تاشلىۋېتەلمەيسەن ، تاشلىۋەتسەڭ ، چولاق بولۇپ قالىسەن، شۇنداقمۇ ؟— دەپتۇ . سورۇندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ گەپكە قايىل بوپتۇ . ئايال يەنە:

—سىلەر بۇ گەپنى خوتۇنۇڭلارغا دەپ بېرىڭلار ، قېنى ئۇلار نېمە دەيدىكىن ؟ — دەپتۇ .

ئەرلەرنىڭ دادىل ئاقىلىرى قايتىپ بېرىپ خوتۇنىنى سىناپ بېقىپتۇ . دېگەندەك بۇ گەپكە خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى سورۇندىكى ئايالغا ئوخشاش چۈشەنچە بېرىپتۇ .

# چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

پەخرىدىن ھېسامىدىن

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خېلى كۆپ چەت ئەل ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىنى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان شىنجاڭ رايونىغا ۋە شۇنداقلا بۇ رايوندىكى مەدەنىيەتنىڭ ئىختىراچىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىگە قاراتتى، ئۇلار ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ھۈنەر – سەنئەت ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە بىز بۇ ماقالىمىزدە ھازىرغا قەدەر ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تارماقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئاز. شۇنداقتىمۇ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرقەدەر گەۋدىلىكلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالىمنىڭ ئەمگىكىنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

1 . گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ئا. لېكوك. ئۇ XX ئەسىرنىڭ باشلىرى بىر قانچە قېتىم گېرمانىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇ بۇ بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا 1916 – يىلىدىن 1928 – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كىتاب نەشر قىلدۇرغان. بىرىنچى كىتابى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس قول ھۈنەر – سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ (ئاساسلىقى زىننەت بۇيۇملىرى) رەسىملىك ئالبومى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىتابلىرىدا ئاپتور كۇچا، تورپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ

كىيىملىرى (يەنى تىككۈچىلىك ھۈنىرى) ، دولانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى (جۈملىدىن قول ھۈنەر سەنئىتى) ۋە تۇرالغۇ ئۆيلىرى (يەنى بىناكارلىق ھۈنەر سەنئىتى) توغرۇلۇق بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ①

2. شۋېتسىيىلىك ئالىم گ. ياررىڭ.

گۇننار ئالفرېد ياررىڭ داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ياررىڭنىڭ بۇ ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. ئۇ ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىش مەقسىتىدە 1929 - يىلى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، رۇسىيە تەۋەسىدىكى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ② ئۇ يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەت تېخى تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئۇيغۇرلاردا يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا ھۈنەر - سەنئەتكە دائىر سۆزلۈكلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ ئەھۋال ياررىڭنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياررىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئاساسلىق ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىدىن تىككۈچىلىك، تۆماقچىلىق، دوپپىچىلىق، باپكارلىق، سەرگەزچىلىك، بوياقچىلىق، موزدوزلۇق قاتارلىقلارغا دائىر بايانلارنى توپلاشقا كىرىشىدۇ. دۆلىتىگە قايتىپ، ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 1992 يىلى «باش كىيىمدىن ئاياغ كىيىمگىچە» دېگەن نام بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھۈنەر تۈرلىرىگە دائىر توپلىغان بايانلارنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابتا ھەربىر ھۈنەر تۈرىگە دائىر بايانىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە قوليازمىسى، ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ھەربىر ھۈنەر تونۇشتۇرۇلغاندا، ئۇ ھۈنەرنىڭ ماتېرىيالى، ھۈنەر قورالى، ئىش تەرتىپلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇلاردىن سىرت، كىتابتا يەنە شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا تارتىلغان ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى سۈرەتلەر بېرىلگەن. بۇ كىتاب ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يېقىنقى ئاساسلىق تۈرلىرىنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

1978 - يىلى گ. ياررىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىككىنچى قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە زىيارەتتە بولىدۇ. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ سەپەر جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب گەرچە مەخسۇس ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىگە بېغىشلانغان بولمىسىمۇ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا يۈرگۈزگەن بەزى مۇلاھىزىلىرىنى مەزكۇر كىتابتا ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئاپتور بۇ كىتابتا ئىش مەشغۇلاتى جەريانىدا مۇھىت بۇلغىمايدىغان، تەبىئىي نەرسىلەر ماتېرىيال قىلىنىدىغان، نەپىس ئىشلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى-

نىڭ كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قارىشى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى زور ئېچىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بەزى ھۈنەر تۈرلىرىدە ئىلمىيلىكى يۇقىرى بولغان ئەنئەنىۋى تېخنىكىلارنىڭ ھازىر ئىشلىتىشتىن قالغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن: بوياقچىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرى ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئانار، شاپتۇل، زاراڭزا قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى، قوۋزاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مۇھىتنى بۇلغىمايدىغان تەبىئىي بوياق ئىشلەشتىن ھازىر خىمىيىۋى بوياق ئىشلىتىشكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى زامانىۋى تېخنىكىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر تېخنىكىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ③

3. فرانسىيە ئالىمى مونىك مىللارد، فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى، فرانسىيە ئىنستىتۇتى ئاسىيا تەتقىقات ئورنى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى، پروفېسسور مونىك مىللاردمۇ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مىللارد خانىم فرانسىيىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى غەربىي رايون ئارخېئولوگىيە ۋە سەنئەت مۇتەخەسسىسى بولۇپ، 1973 - يىلى «قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى» نى ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى شەرھىلەيدىغان ئاز ئۇچرايدىغان مۇھىم ئەسەر. بۇ كىتابقا ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىن تاپقان ۋە توپلىغان ماتېرىياللار، خەرىتە ۋە رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدىكى بۇ ئەسىرىدە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ كۆزنىكى بولغان ھۈنەر - سەنئەت ئۈستىدىمۇ توختالغان. كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، تىككۈچىلىك، ياغاچ ئويمىچىلىق، ساپالچىلىق، تۆمۈرچىلىك قاتارلىق ئاساسلىق ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

4. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى د. ئى تىخنوف ئۆزىنىڭ «X - XIX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» ناملىق كىتابىدا ئەينى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتكەن. ئاپتور ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - سەنئەتنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، ھۈنەر ماھارىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، شۇ دەۋرلەردە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىدىن كەشتىچىلىك، ساپالچىلىق، ياغاچ ئويمىچىلىق، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، گىلەمچىلىك قاتارلىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. تىخنوف ئۇيغۇرلارنىڭ گىلەمچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ گىلىمى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ناھايىتى داڭلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ گىلەم توقۇش تېخنىكىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولۇپ، بۇ گىلەملەر يۇڭ ۋە يىپەكتىن توقۇلغان. گىلەمچىلىكنىڭ كۆلىمىنىڭ ھەرقانداق بىر قول ھۈنەر تۈرىنىڭكىدىن چوڭ بولۇشى، بۇ جەھەتتىكى

تەجرىبە ۋە ماھارەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گىلەم ئايرىم ئائىلىلەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يېزا – كەنت دائىرىسىدە توقۇلاتتى. گىلەم توقۇغۇچىدىن شەكىل چىقىرىش، رەڭ تاللاش، ھەربىر شەكىل ئۈچۈن گىلەمدە شۇنچىلىك چوڭلۇقتا ئورۇن بەلگىلەش قاتارلىقلارنى بىلىش تەلەپ قىلىناتتى. گىلەم توقۇغۇچى – ئادەتتىكى توقۇغۇچىلا ئەمەس، بەلكى بىر سەنئەتكار. ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى قانچە يۇقىرى بولسىكەن، ئۇنىڭ گىلەملىرى شۇنچە ياخشى توقۇلغان بولىدۇ ۋە بۇ گىلەملەرنى ناھايىتى تېز ھەم قىممەت باھادا ساتقىلى بولىدۇ» ④ تىخنوفنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتىگە بەرگەن يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ باھالىرى قەدىمكى ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

5. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ل. ئا. چۋىر. تارىخ پەنلىرى دوكتورى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ داڭلىق ئايال مۇتەخەسسىسى ليۇدمىلا ئاناتولىيېۋنا چۋىرمۇ ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن «ئۇيغۇر قول ھۈنەر – سەنئىتى توغرىسىدا» دېكى ماقالىسى، «ئۇيغۇر ۋە قوشنا مىللەتلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، موزدۇزلۇق قاتارلىق ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر – سەنئىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان ئۇيغۇر كىيىم – كېچەكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن مەركىزىي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ئۆزئارا تەسىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان «XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر» ناملىق كىتابى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇمىيراق بولغىنى «ئۇيغۇر قول ھۈنەر – سەنئىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بولۇپ، ئاپتور چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئاپتور چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئەت بۇيۇملىرىدىن قاشتېشى بۇيۇملىرى، گىلەم، يىپەك رەختلەر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرى، مىتال بۇيۇملار قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلاردا توقۇمىچىلىق ( پاختا، يىپەك، يۇڭ توقۇمىچىلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مىتال بۇيۇملار (مىتال تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى) نى ياساش، ساپالچىلىق، ياغاچ ئويمىچىلىق ۋە كۆنچىلىك قاتارلىق ئاساسلىق ھۈنەر – سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ⑤. ئاپتور يەنە بەزى قىممەتلىك رەسىملەرنى قىستۇرما قىلىدۇ. چۋىرنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى بىزنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتى تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

6. قازاقىستانلىق مۇتەخەسسىس ر. ئۇ. كەرىموۋا. تارىخ پەنلىرى كاندىداتى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى رىسالەت ئۇسمانوۋنا كەرىموۋامۇ ئۇيغۇر ھۈنەر – سەنئىتى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «XIX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەمەلىي سەنئىتى» ناملىق ماقالىسى بار. بۇ

ماقالىدە ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، مېتال بۇيۇملارنى ياساش، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك، ساپالچىلىق، چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساش، قاپاق سەنئىتى، كەشتىچىلىك قاتارلىق تېپىك ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتور يەنە ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسى توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان: « IX ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي سەنئىتى » (ھۈنەر - سەنئەت ئادەتتە ئەمەلىي سەنئەت نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) مۇرەككەپ بولغان تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىسى بولغان ھەرقايسى مىللەتلەر سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. XIX ئەسىردىكى ئەمەلىي سەنئەتتىن قەدىمكى ئەنئەنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» ⑥.

«قازاقىستان مۇزېيلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر ھۈنەر سەنئىتى» — ر. كەرىموۋانىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر سەنئەت تېمىسىغا بېغىشلانغان يەنە بىر ئىلمىي ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىسىدە ئاپتور قازاقىستان دۆلەتلىك مەركىزىي مۇزېي، ئا. كاستىيېف نامىدىكى دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيى، تالدىقورغان ئوبلاستىنىڭ ياركەنت شەھىرىگە جايلاشقان بىناكارلىق سەنئىتى مۇزېيى — ياركەنت مەسچىتى (بۇ قۇرۇلۇشنى ئۇيغۇر ئۇستىلار بىنا قىلغان) قاتارلىق قازاقىستاننىڭ ئۈچ چوڭ مۇزېيىدىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىككۈچىلىك، مېتالچىلىق، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك، ساپالچىلىق، چالغۇ ئەسۋابلارنى ياساش، قاپاق سەنئىتى، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ خىلمۇخىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەتكە باي ۋە ماھىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان جانلىق پاكىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماقالىدە ئاپتور ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور گىلەمچىلىك ھۈنەر سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۇيغۇر گىلەملىرىنىڭ تارىختا خەلقئارا بازارلاردا گىلەملەرنىڭ ئالدى ھېسابلىنىدىغان پارس گىلەملىرى بىلەن ئوخشاش سانىلىپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ⑦.

ر. كەرىموۋانىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن سۈرەتلەپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن مەلۇمكى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تەرەپلىرى (مەسىلەن، تىل - يېزىق، ئېتىقاد ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلار) ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن تونۇشتۇرۇش، بايان قىلىش تۈسىنى ئالغان. ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان

ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى (ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ئىچكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك قارىشى، ھۈنەر ئادەتلىرى ۋە باشقىلار) ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپ ئەمەس.

ھۈنەر ـ سەنئەت خۇددى ئەينەككە ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئايرىم شەخس ياكى ئالاھىدە سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت ـ سەنئەتتە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھۈنەر ـ سەنئەت بۇ خىل تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر مىللەتنى، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنى چۈشىنىشتە ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنىكى بولغان ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى جاھان ئەھلىگە كەڭ تونۇشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىزاھاتلار:

① ل. ئا. چۇۋىن: «XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر»، «نائۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا، 1990 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 17 ـ بەت.

②③ گۇننار ياررىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ بەت ۋە 219 ـ بەت.

④ د. ئى. تىخنوف: «X ـ XIX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، «نائۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا، لېنىنگراد، 1966 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 214 ـ بەت.

⑤ ل. ئا. چۇۋىن: «ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» (ماقالىلەر توپلىمى)، موسكۋا، 1984 يىل رۇسچە نەشرى، 178 ـ بەت.

⑥ ر. ئۇ. كەرىموۋا: «IX ـ XIX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەمەلىي سەنئىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل 3 ـ سان، خەنزۇچە، 41 ـ بەت.

⑦ ر. ئۇ. كەرىموۋا: «قازاقىستان مۇزېيلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) «خەۋەرلەر»؛ 1994 ـ يىل 6 ـ سان، رۇسچە، 21 ـ بەت.

(ئاپتۇر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى






بىر بۇلاڭچى سالاپەتلىك بىر كىشىنى توسۇۋېلىپ تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ ـ دە:

—پۇلۇڭنى چىقار، — دەپتۇ. ئۇ كىشى غەزەپ بىلەن:

—بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ، مەن دېگەن پارلامېنت ئەزاسى! —دەپتۇ.

—ئۇنداق بولسا پۇلۇمنى بەر!

* * *

بىر كىشى بىر ھۆرۈندىن سوراپتۇ:

—سەن نېمىشقا ئوتۇننى ئولتۇرۇپ يارىسەن؟

ھۆرۈن:

—ئەسلىدە يېتىپ ياراي دېگەنىدىم، ئەمما ئامال يوقتە!

* * *

بىر ھەربىي ماشىنا پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن بىر جىپ ماشىنا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە كوماندىر چۈشۈپتۇ، ئۇلار ماڭ بىر تەسلىكتە ماشىنىنى پاتقاق ئازگىلىدىن چىقىرىپتۇ.

—ياپىرىم! —دەپتۇ ياش بىر كوماندىر ھاسىراپ ھۆمۈدىگىنىچە، — ماشىنا نېمىدېگەن ئېغىر! ماشىنىغا نېمە قاچىلانغان؟

—دوكلات، باشلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شوپۇر.

* * *

—ئاڭلىسام، ئېرىڭىزنى پاراشۇت بىلەن سەكرەشكە بەك ئامراق دەيدىغۇ؟

—شۇنداق.

—بۇ بەك خەتەرلىكقۇ دەيمەن، ئەگەر پاراشۇت ئېچىلماي قالسا ...

—زاپاس پاراشۇت بار تۇرسا!

—ئۇمۇ ئېچىلماي قالسىچۇ؟

—راستىنى ئېيتسام، مەن ئۆزۈمگە يەنە بىر ئەر تەييارلاپ قويىدۇم.

* * *

تام، گېزىتتىكى بىر خەۋەرنى قىيىۋاپتۇ، خەۋەردە بىر ئەرنىڭ خوتۇنى ھەمىشە ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرىدىغانلىقتىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى يېزىلغانىكەن.

—بۇ خەۋەرنى قىيىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ —دەپ سوراپتۇ جېك ئەجەبلىنىپ.

—يانچۇقىمغا سېلىۋالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تام.

* * *

سوراقچى جىنايەت گۇماندارىدىن سوراپتۇ:

—بۇ پىچاقنى تونۇمسەن؟

—ئەلۋەتتە.

—بۇ گەپچە بۇ پىچاقنى تونۇيدىكەنسەندە!

—ئۇنى ماڭا كۆرسىتىۋاتقىنىڭىزغا ئۇدا ئۈچ كۈن بولدى، ئۇنى قانداقمۇ تونۇماي!

* * *

بىر ئەركىشى دېڭىز ساھىلىدىكى سۇ ئۈزۈش مەيدانىدا يەنە بىر ئەركىشىگە:

—ئىتتىڭىز نېمىدېگەن ئەقىللىق — ھە! ئۇ سىزنىڭ كىيىملىرىڭىزگە قاراپ بىر قەدەممۇ نېرىغا بارمىدى، — دەپتۇ.

— بۇ مېنىڭ ئىتىم ئەمەس، —دەپتۇ ئۇ كىشى، — بۇ يەردە ساقلاۋاتقىنىمغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى، كىيىملىرىمنى ئېلىۋېلىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن.

* * *

پارىژ كوچىسىدا كېتىۋاتقان بىر ماشىنا كورسكالىق بىر ئەيلەننىڭ ئۈستۈپىشىغا پاتقاق چاچرىتىۋېتىپتۇ. كورسكالىق ماشىنىدىن چۈشكەن شوپۇرغا ۋارقىراپ:

—بۇ قانداق ئىش؟ مۇنداق ئەھۋال بىزنىڭ كورسكادا يۈز بېرىدىغان بولسا، شوپۇر دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئۇ كىشىدىن ئەپۇ سورايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنى ئۆيىدە قوندۇرۇۋالىدۇ. ئەتىسى ناشتىنا قىلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئازراق پۇل بەرگەندىن كېيىن ئاندىن يولغا سېلىپ قويىدۇ، —دەپتۇ.

— ئۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دەپتۇ شوپۇر ھەيران بولۇپ، — بۇ ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرمىشىمۇ؟

— ياق، خوتۇنۇمنىڭ كەچۈرمىشى.

* * *

قورۇلۇش ئەترىتىگە يېڭىدىن كەلگەن بىر كىشى شىركەت خوجايىنىنىڭ دېرىزىسىنى سىرلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئەترەت باشلىقىغا تېلېفون ئۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: دېرىزىنى سىرلاپ بولدۇم، ئەمدى دېرىزىنىڭ رامكىسىنىمۇ سىرلاپ قويايمۇ قانداق؟

* * *

ياشانغان بىر مەرگەن دوختۇرغا مۇنداق دەپتۇ:

—دوختۇر، كۆيئوغلۇمنى جەزمەن قۇتقۇزۇپ قېلىڭ، چۈنكى تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق ئېتىۋالدىم.

—كۆيئوغلىڭىزنىڭمۇ ئاتقان بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ دوختۇر.

—چۈنكى مەن ئۇنى ئاتماستا، ئۇ ماڭا كۆيئوغۇل بولۇشنى خالىمىغانىدى.

* * *

—بۈگۈن بىز ئاخىر بىرگە بولالايدىغان بولدۇق، — دەپتۇ يىگىت قىزغا ياخشىچاق بولۇپ، — مەن كىمنو بېلىتىدىن ئۈچنى سېتىۋالدىم.

—نېمىشقا ئۈچنى سېتىۋالدىڭىز؟

—بىرىنى ئانىڭىزغا، بىرىنى ئاتىڭىزغا، بىرىنى ئىنىڭىزغا؟

* * *

بېلىق تۇتۇشقا ناھايىتى ئامراق بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ھەمىشە دەريا ياكى كۆل بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتىدىكەن، ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىغا قارىمايدىكەن.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇ ئادىتى بويىچە دەريا بويىغا كەپتۇ. لېكىن ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن، ئامالسىز ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇللا ھۇجرىغا كىرىپ كىيىملىرىنى سېلىپتۇ - دە، خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

—بۈگۈنكى ھاۋا نېمىدېگەن ئوسال — ھە! قەدىرلىكىم، — دەپتۇ، —خوتۇنى ئۇنىڭغا قارىمايلا:

—شۇنداق، ئەمما مېنىڭ سارالڭ ئېرىم يەنە بېلىق تۇتقىلى كەتتى، —دەپتۇ.

* * *

پاراخوت باشلىقى بىلەن ئۈچ دېڭىزچى چۆكۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتتا قاپتۇ. پاراخوت باشلىقى مۇنداق دەپتۇ:

—ھازىر پاراخوتتا بىرلا قۇتۇلدۇرۇش قېيىقى بار، ئۇنىڭدا ئۈچ ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە مەن بار. مەن ھەربىرىڭلاردىن بىر سوئال سوراش ئارقىلىق كىمنىڭ مەن بىلەن بىرگە چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بەلگىلەيمەن. جاۋاب بېرەلمىگىنىڭلار پاراخوتتا قالىسىلەر. بىرىنچى سوئال، مەڭگۈ

چۆكمەيدىغان قايسى پاراخوت مۇز تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ بەختسىزلىككە ئۇچرىدى؟

—تىيتانىك ماركىلىق پاراخوت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىرىنچى دېڭىزچى.

—ئىككىنچى سوئال، بۇ قېتىمقى بالا-قازادا قانچە ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى؟

—1517 ئادەم، ئەپەندى، —دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىككىنچى دېڭىزچى.

—ئۈچىنچى سوئال، —دەپتۇ ئۇ ئۈچىنچى دېڭىزچىغا قاراپ، — بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىسمى نېمە؟

* * *

ۋۇئۇف تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ماگىزىنىدا ئوغرىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلىنىپتۇ. ئۇ ئادۋوكاتتىن بىرنى تېپىپ ئۆزىنى ئاقلاشنى تەلەپ قىپتۇ.

—بولىدۇ، —دەپتۇ ئادۋوكات، —لېكىن سىز مېنىڭ ئىككى شەرتىمگە كۆنۈشىڭىز كېرەك. بىرىنچىدىن، ئوغرىلىمىغانلىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز، ئىككىنچىدىن، ماڭا 100 دوللار تۆلىشىڭىز لازىم.

—بىرىنچىسىگە پۈتۈنلەي كاپالەتلىك قىلالايمەن، دەپتۇ ۋۇئۇف، — ئىككىنچىسىگە كەلسەك ... قولۇمدىكى نەق پۇل كۆپ ئەمەس، شۇڭا 50 دوللارلا تۆلىيەلەيمەن، بۇنىڭغا بىر جۈپ تېننىس راكېتا، ئىككى ۋالېبول ۋە ئۈچ جۈپ مۇز تېيىلىش ئايىغى قوشۇپ بېرەي، سىزچە قانداق؟

* * *

بىر كۈنى بىر ساياھەتچى ئاتلىق كېتىۋاتقاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئۇستىۋېشى ھۆل بولۇپ توڭلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ناھىيە بازىرىدىكى كىچىك مېھمانخانىغا يېتىپ كەپتۇ. لېكىن مېھمانخانىدا كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇ ئوتقا يېقىنلىشالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېھمانخانىنىڭ خوجايىنىنى توۋلاپ:

—مېنىڭ ئېتىمغا ئازراق بېلىق بەر، — دەپتۇ.

خوجايىن:



—ئات بېلىق يېمەيدىغۇ؟ —دەپتۇ.

ساياھەتچى:

— ھېچقىسى يوق، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، — دەپتۇ.

مېھمانخانىدىكى كىشىلەر بۇ غەلىتە گەپنى ئاڭلاپ، بەس-بەس بىلەن ئاتنىڭ بېلىق يېيىشىنى كۆرگىلى چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆيدە ساياھەتچىنىڭ ئۆزىلا قاپتۇ، ئۇ ئوتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوبدان ئىسسىنىپتۇ. خېلىدىن كېيىن خوجايىن بىلەن بىر توپ كىشى قايتىپ كىرىپتۇ، خوجايىن ناھايىتى خاپا ھالدا:

—ئېتىڭىز بېلىق يېمەيدىكەنغۇ، — دەپتۇ.

—كېرەك يوق، —دەپتۇ ساياھەتچى، بېلىقنى— ئۈستەلگە قويۇپ قوي، كېيىملىرىمنى قۇرۇتۇۋېلىپ ئۆزۈم يەي.

* * *

جىددىي تالاش تارتىشتىن كېيىن يازغۇچى ئاشپەزگە مۇنداق دەپتۇ:

—سەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان، شۇڭا سېنىڭ بۇ كىتابنى تەنقىدلەيدىغان ھوقۇقىڭ يوق!

—شۇمۇ گەپمۇ! —دەپ رەددىيە بېرىپتۇ ئاشپەز، — مەن ئۆمرۈمدە بىرمۇ تۇخۇم تۇغۇپ باقمىغان، ئەمما تۇخۇم قورۇمىسىنىڭ تەمىنى تېتىيالايمەن، مېكىيان شۇنداق قىلالامدۇ؟

* * *

ۋيېتنام ئۇرۇشى مەزگىلىدە ماددىي ئەشيالار ناھايىتى قىس بولۇپ كېتىپ، خانوي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى: «كەمەرىڭلارنى چىڭ باغلاڭلار!» دەپ تېلېگرامما ئۇرۇپتۇ.

خانوي بۇنىڭغا: «كەمەر بېرىڭلار!» دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

* * *

تامنى يولدا كىيىملىرىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرى ئېچىلىپ قالغان چىرايلىق بىر ئايال تۇسۇۋاپتۇ ۋە:

ماڭا يۈز سوم بەرسىڭىز، ئۈچ سۆزدىن ئاشمايدىغان ھەرقانداق تەلىپىڭىزنى دېگىنىڭىزدەك ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

—بولىدۇ، دەپتۇ تام پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ،

—ئۆيۈمنى سىرلاپ بېرىڭ.

*　　*　　*

بىر ئوۋچى بازاردىن ناھايىتى سەزگۈر تايغاندىن بىرنى سېتىۋاپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوۋچى ھەممە ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بىر دوستىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ.

ئۇلار بىر توپ ياۋا ئۆردەكنىڭ سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئوۋچى ئۇلاردىن بىرنى ئېتىۋاپتۇ. تايغان يۈگۈرگىنىچە شۇ تەرەپكە كېتىپتۇ ۋە سۇ يۈزىدە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ياۋا ئۆردەكنى چىشلىگىنىچە يەنە ئۈچقاندەك قايتىپ كەپتۇ، ئەمما ئۈستىۋېشى ئازراقمۇ ھۆل بولماپتۇ.

دوستى بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ھېچنېمە دېمەپتۇ. ئۆيگە قايتقاندا ئوۋچى دوستىدىن:

—سەن تايغىنىمدا بىرەر ئالاھىدىلىك بارلىقىنى بايقىدىڭمۇ؟ —دەپ سوراپتۇ.

—بايقىدىم، —دەپتۇ ھېلىقى ئادەم مەيۈسلەنگەن ھالدا، ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن.

*　　*　　*

كېچىسى پاراشوت بىلەن سەكرىمەكچى بولغان بىر يىگىت بار ئىكەن، ئۇ يەرگە چۈشكەندە باشقىلارغا سوقۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈچىسىغا قىزىل، سېرىق لامپۇچكىلارنى ئېسىۋاپتۇ، ئەمما خاتالىشىپ چىراغ نۇرى چاقناپ تۇرغان بىر جايغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئۇ شۇ يەردە لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان بىر خانىمنى كۆرۈپ، ئوپۇل تۇپۇللا:

—بۇ قەيەر؟ —دەپ سورىغانىكەن، ھېلىقى خانىم:

—يەر شارى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

*　　*　　*

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئاپتوبۇسقا چىقىپ، فورمىسىنىڭ پۇرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي شوپۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاپتۇ.

بىر مەست ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن ئوفىتسېرنىڭ پېشىدىن تارتىپ بېلەت ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئوفىتسېر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ، ئەمما مەست ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ، ئاخىر ئوفىتسېر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

—ئاغىنە، ئوبدانراق قارا، مەن بېلەت ساتقۇچى ئەمەس، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا پاراخوتنى توختات، مەن ئاپتوبۇسقا چىقىمەن

*　　*　　*

—سەن تاماكا چېكەمسەن؟ —دەپ سوراپتۇ خوجايىن ئىش تەلەپ قىلغۇچى يىگىتتىن.

—ياق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

—ھاراق ئىچەمسەن؟

—ياق.

—ئويۇنچىمۇ؟

—ياق.

—ئۇنداق بولسا ھېچنېمىگىلا قىزىقمايدىكەنسەندە! —دەپ ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ خوجايىن.

—ھەر راست، مەن يالغانچىلىق قىلىشقا بەك ھەۋەس قىلىمەن.

*　　*　　*

خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش زىياپىتىدە، ئېرى كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا چاقناپ تۇرغان يوغان بىر ياقۇتنى خوتۇنىغا تەقدىم قىپتۇ. بىر دوستى ئۇنىڭغا:

—قارالڭ، خانىمىڭىز شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى! ئۇنىڭغا بېنىز ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سوۋغا قىلغان بولسىڭىز، تېخىمۇ ئەرزانغا توختىماسمىدى؟ —دەپتۇ.

—مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، —دەپتۇ بۇ ئەر قولىلىرىنى يايغىنىچە دوستىغا شىۋىرلاپ، — ئەپسۇسكى مۇنداق پىكاپنىڭ تېخى ساختىسى يوق ئىكەن.

*　　*　　*

— سەن نېمىشقا بۇ يەرگە كەلگەن ھەربىر سىر-

گەردانغلىيەدىغان نەرسە بېرىسەن؟ ئۇلار ساڭا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بەرمىگەن تۇرسا؟ — دەپ سوراپتۇ ئېرى،

—باشقىلارنىڭ مەن ئەتكەن تاماقنى يەپ قوسۇر تاپمىغىنىنى كۆرۈش ھەقىقەتەنمۇ راھەتكەن، — دەپتۇ خوتۇنى

* * *

ئانىسى:

— بۇ قىزچاقىقا ھەقىقەتەن ئۇۋال بولدى، ئۇ ئاتىسىدىن ئايرىلدى، يەنە ئەڭ ياخشى دوستى-ئىتىدىن ئايرىلدى بىت، سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئىتىڭنى بېرىۋېتىشنى خالامسەن؟

بىت:

— ئاپا، بىز نېمىشقا ئاتامنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتمەيمىز؟

* * *

ساقچى كېچىلىك چارلاشقا چىقىپ، مەست بولۇپ قالغان بىر ئەركىشىنىڭ ستولبىغا يۆلەنگىنىچە يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندى، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساقچى ئەپەندى، —دەپتۇ مەست يىغلىغاچ، —سىز دەل ۋاقتىدا كەپسىز، ماڭا بىر ئامال تېپىپ بەرسىڭىز، چۈنكى مېنىڭ كىچىك تەرىتىم توختىماس بولۇپ قالدى.

ساقچى بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ، قارىسا ستولبىنىڭ يېنىدىكى سۇ جومىكى ياخشى ئېتىلمىگەنىكەن.

* * *

بىر فرانسىيىلىك ئامېرىكا تارىخىنىڭ قىسقىلىقىنى مەسخىرە قىلىپ:

—ئامېرىكىلىقلار ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىنى ئەسلىگىنىدە بوۋىسىغا بېرىپلا ئەسلىيەلمەي قالىدۇ، — دەپتۇ.

ئامېرىكىلىق بۇنىڭغا:

—فرانسىيىلىكلەر بۇ مەسىلىنى ئويلانغىنىدا، ھەمىشە ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* * *

تۈرلۈك ماللار شىركىتىدە گۈزەل بىر قىز رەخت پوكىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—بۇ رەختنىڭ مېتىرى قانچە پۇل؟ —دەپتۇ.

— ھەربىر مېتىرىغا بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، —دەپتۇ ئەر پىرىكازچىك ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ناھايىتى ياخشىكەن، —دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز، — مەن ئازراق ئالاي.

ئەر پىرىكازچىك رەختنى ناھايىتى تېزلا گەزلەپ ئوراپتۇ ھەمدە قىزغا ئۇزىتىپتۇ. قىز رەختنى قولىغا ئېلىپ يېنىدا تۇرغان بوۋايغا بۇرۇلۇپتۇ ۋە:

— بۇنىڭ ھېسابىنى بوۋام قىلىدۇ، — دەپتۇ.

* * *

ئالىي پالاتا ئەزاسىنىڭ ئادۇوكاتى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

—سىز ئالدى بىلەن شۇم خەۋەر ئاڭلاشنى خالامسىز، ياكى قورقۇنچلۇق خەۋەرنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

—ئاۋۋال شۇم خەۋەرنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ ئالىي پالاتا ئەزاسى.

—خوتۇنىڭىز قىممىتى يۈزمىڭ دوللار كېلىدىغان بىر سۈرەتنى سېتىۋاپتۇ، —دەپتۇ ئادۇوكات.

— مۇشۇنى شۇم خەۋەر دەپ قارىدىڭىزما؟— دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەن ئالىي پالاتا ئەزاسى، ئۇنداقتا قورقۇنچلۇق خەۋەرچۇ؟

—سۈرەتتىكى ئەر-ئايال سىز بىلەن كاتىپىڭىزكەن.

* * *

—خوتۇنۇم ماڭا راست گەپ قىلمايدۇ، — دەپتۇ غەزەپلەنگەن بىرسى دوستىغا.

—نېمە ئىش بولدى ؟

—ئۇ تۇنۇگۇن كېچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى، نەگە باردىڭ دەپ سورىسام، سىڭلىم بىلەن بىرگە بولدۇم، — دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ سىڭلىسى تۈنۈگۈن كەچنى مەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن.

* * *

—سەن پورتمالنى تېپىۋېلىپ نېمىشقا ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرمىدىڭ ؟

—چۈنكى شۇ كۈنى ساقچى ئىدارىسىدە ئادەم يوقكەن.

—ئەتىسىمۇ يوقمىكەن ؟

—ئەمما ئەتىسى پورتمالدا پۇل قالماپتۇ.

* * *

بىر بوۋاي ئوغرىلىق قىلىش دېلوسىنى كۆرگەن گۇۋاھچى بولۇپ قاپتۇ.

—سام ئەپەندى، سىز شاھىتىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغىنىنى كۆردىڭىزمۇ ؟ —دەپ سوراپتۇ ئادۋوكات.

—ھەئە، ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

—بۇ ئىش كېچىدە يۈز بېرىپتۇ، سىز جاۋابكارنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا جەزم قىلالامسىز ؟ —دەپ يەنە سوراپتۇ ئادۋوكات.

—شۇنداق، جەزم قىلالايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

—سام ئەپەندى، سىز 80 نەچچە ياشقا كىرىپسىز، سىز ماڭا كېچىسى قانچىلىك يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئادۋوكات.

—مەن كېچىسى ئاينى كۆرەلەيمەن. سىزنىڭچە بۇ ئارىلىق قانچىلىك كېلەر؟

* * *

—سىز قايتىپ بېرىپ بۇ دورىنى يەنە سىناپ كۆرۈڭ، دەپتۇ دوختۇر ئورۇقلىماقچى بولغان ئەپەندىگە.

—مۇشۇ دورىنىما ؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى، — ئالدىنقى قېتىمدىمۇ مۇشۇ دورىنى بەرگەنىدىڭىز، ئەمما ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمىدى.

—بىلىمەن، لېكىن ئىشلىتىش ئۇسۇلىڭىز توغرا بولمىغان، توغرا ئۇسۇل مۇنداق: دورىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئارقىدىن بىلىكىڭىزنى ئېگىپ تېرىۋېلىڭ، مۇشۇ تەرىقىدە كۈنىگە 50 قېتىم تەكرارلاپ بېرىڭ.

* * *

بىرنەچچە جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئولتۇرۇش قىپتۇ. ئارىدىن بىر ئەركىشى

—ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەت توغرىسىدا سۆزلىشىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ھەقىقەت بەك رەھىمسىز، — دەپتۇ.

بۇ گەپ تۈگىشىگىلا ئۇنىڭ خوتۇنى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

—نېمە، سېنىڭ ماڭا دېگىلى بولمايدىغان قانداق گېپىڭ بار ؟ سەن ماڭا ھەممە گەپنى دېيىشىڭ كېرەك! —دەپتۇ.

بۇ كىشى غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ تۇرغان خوتۇنىغا كۈلۈمسىرىگىنىچە:

—قاراڭلار، مېنىڭ سۆزۈم نەق مەيداندىلا ئىسپاتلاندى، —دەپتۇ.

* * *

ئېرى خوتۇنىغا مۇنداق دەپتۇ:

—قولىمىزدا ئازراقمۇ پۇل قالمىدى، ئەمما سۇ، توك ھەققى بىلەن داۋالىنىش ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىساق بولمايدۇ. ئاۋۋال قايسىنى تاپشۇرساق بولار؟

—ئەلۋەتتە، سۇ، توك پۇلىنى ئاۋۋال تاپشۇرىمىز ـ دە، دوختۇر سېنىڭ تومۇرىڭنى ئۈزۈۋېتەلمەيدىغان تۇرسا!

* * *

—تەبرىكلەيمەن، دوستۇم! سەن خوتۇنىڭ بىلەن ئاخىر يارىشىپ قاپسەن.

—قانداق دەيسەن؟

—قارىسام تۈنۈگۈن بىرلىكتە ياغاچ ھەرىدەۋېتىپتىكەنسىلەر.

—ياق، بىز تۈنۈگۈن ئۆي سايمانلىرىنى ھەرىدەپ بۆلۈشتۇق.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# تىكىدىغان كۆچەت ئۆرۈك ئىكەن

## (چۆچەك)

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بىر ئىمام بار ئىكەن. ئىمامنىڭ ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىمام ئاغرىپ قېلىپ مەسچىتكە چىقالماي قاپتۇ. جامائەت ئىمامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆيىگە يوقلاپ كىرىپتۇ. ئىمام جامائەتنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ ئايالىنى چاقىرىپ:

—ئەي خوتۇن، جامائەت مېنى يوقلاپ كەپتۇ، ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدايى مېھمان، بول، باغقا كىرىپ ئۆرۈك ئۈزۈپ كىرگىن، جامائەت ئېغىز تەگسۇن، —دەپتۇ.

ئىمامنىڭ خوتۇنى باغقا كىرىپ ئۆرۈك شېخىغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر قولىدا ئېتىكىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ئۆرۈك ئۈزىمەن، دەپ ئۆرۈك شېخىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ھەم بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن ئىمام قازاغا رازى بولسىمۇ جامائەت ئىمامنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇشۇپتۇ ۋە ئايالنىڭ قىرقى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن جامائەت ئىمامنىڭ ئالدىدىكى خىجالەتلىكنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. ئىمام:

—مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم، ئۈچ كېلىنىم، ئىككى قىزىم بار، شۇلار بىر كۈندىن خىزمىتىمنى قىلسا، كۈنۈم ئۆتمەمدۇ؟ — دەپ تويى قىلىشقا ئۇنىماپتۇ.

جامائەت ئىمامغا گەپ يېگۈزەلمەي قازىغا مەسلىھەت سېپتۇ. ئىمام بىلەن قازىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇ ئىمامغا:

—بىزدە «قېرى كالا شاپاقتا ئامراق، قېرى ئادەم ئاپئاقتا ئامراق» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمىدى جامائەت باشلىرىنى ئوڭشاپ قويايلى دېسە، ئۇنىماپلا، بۇ ئىشتا بىرەر تىل قىسىنچىلىقلىرى بارمۇ؟ —دەپتۇ.

ئىمام قازىدىن رەنجىپ:

—سىلىمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىلا ماڭا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئېغىزلىرىنى ئۇپرىتىپ ئاۋارە بولماي ئاستا كېتىۋالسىلا، —دەپتۇ.

قازى ئىمامنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ شەرىئەتتىن پەتىۋا توقۇپ:

—ئەي ئىمامئاخۇنۇم، شەرىئەتتە بويتاق ئادەم ئىمامەتچىلىك قىلسا جايىدا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمەملا؟ —دەپتۇ.

ئىمام قازىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

—ئەي قازىم، سىلى بىلگەن شەرىئەت پەتىۋاسىنى مەن بىلمىسەم ئىمامەتچىلىك قىلالامتىم، ئەگەر شۇ پەتىۋالىرى ماڭا جايىز بولسا، مەن ئىمامەتچىلىكتىن كېچەي، —دەپتۇ.

قازى جىمىمىدە قايتىپ كېتىپتۇ، ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن جامائەت ئىمامنىڭ بەش بالىسىنى ئارىغا سېلىپ نەسلىكتە قايتا ئۆيلىنىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ ھەم شۇ يۇرتتىكى مۇلايىم، ياش بىر چوكاننى ئىمامغا چېتىپ قويۇپتۇ.

توي ئۆتۈپ ئىمام بىرقانچە كۈن مەسچىتكە چىقماپتۇ. جامائەت يەنە ئىمامدىن ئەھۋال سورىغىلى كىرىپ، ئۇنىڭ روھلۇق ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

—ئەي ئىمامئاخۇنۇم، ئەھۋاللىرى قانداق، يېڭى كېلىن قانداقراق؟ —دەپتۇ.

ئىمام كۈلۈپ قويۇپ:

—ئەي جامائەت، ئەسلى تىكىدىغان كۆچەت ئۆرۈك ئىكەن ئەمەسمۇ، ئىلگىرى بۇنى بىلمەي قاپتىمەن، —دەپ ئۆزىنىڭ جامائەتتىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەركىن كېرەم
توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

# جاھاندا غەمسىز كىشى يوق



(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ خەلقپەرۋەر بولۇپ، دۆلەتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ھۆكۈمالار ھەر خىل ئاماللار بىلەن كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان بولسىمۇ پادىشاھنىڭ كېسىلى ياخشىلانماپتۇ. ئاخىر قوشنا دۆلەتتىن داڭلىق بىر تېۋىپنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەپتۇ، بۇ تېۋىپ ئۇ پادىشاھنىڭ كېسىلىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— پادىشاھ «غەم» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن پەقەت غېمى يوق كىشىنى تېپىپ، شۇنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ ياتسا، ئۇزۇنغا قالماي ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئىككى نۆكەرنى تەيىنلەپ، بەش كۈن مۆھلەت ئىچىدە پەقەت غېمى يوق كىشىنى تېپىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىككى نۆكەر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ مال - دۇنياسى كۆپ بايلارنىڭ ھېچنېمىدىن غېمى بولمىسا كېرەك، دەپ بىر كاتتا باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇلار بايدىن:

— ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىلىرى تەل ئىكەن، ھېچقانداق غەملىرى بولمىسا كېرەك، — دەپ سوراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاغزى ئېچىلىپتۇ:

— مېنىڭ مال - دۇنيارىم كۆپ بولغان بىلەن غېمىم تولا، بايلىقىمغا كۆزى قىزىرىۋاتقان دوست - دۈشمەنلىرىم ئاز ئەمەس، ھەربىر كۈنۈم غەم ئىچىدە ئۆتىدۇ، — دەپتۇ. نۆكەرلەر بۇ يەردىن چىقىپ يۈز - ئابرۇيلۇق، ھوقۇقى چوڭ كاتتا ئەمەلدارلار راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ، شۇلارنىڭ غېمى بولمىسا كېرەك، — دەپ كاتتا بىر ئەمەلدارنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

— مېنىڭ غېمىم بولمامدىغان، بەزىلەر مېنى كاتتا ئەمەلدار، راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ، دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بەزىلەر كەينىمدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ، ھەر خىل پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ بىر كۈنمۇ ئارامىمدا قويمايدۇ، مۇشۇنداق تۇرسام مېنى قانداقمۇ غەمسىز دېگىلى بولسۇن، — دەپتۇ.

نۆكەرلەر ئۆز يوللىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىپ بارسا قارشى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان بىر مەپىگە يولۇقۇپتۇ. مەپىدە بىر گۈزەل ئايال ئىڭىشىپ ناخشا ئېيتىقىنىچە بىمالال ئولتۇرارمىش، نۆكەرلەر غېمى يوق كىشىنى تاپقان ئوخشايمىز، دەپ مەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خېنىمغا تەزىم قىلىپتۇ ۋە:

— مۇشۇنداق ئېسىل مەپىدە ئەركىن - ئازادە ئولتۇرغانلىرىڭىزغا قارىغاندا، ھېچقانداق غەملىرى يوقكەندە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— سىلەر مېنى غېمى يوق، دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ مېنىڭ غېمىم جاھاندىكى ھەممە كىشىنىڭ غېمىدىن كۆپ. ئېرىم مېنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، خەقلەر ئۈستۈمدىن سۆز - چۆچەك قىلىشىپ، جامالىمغا ھەسەت قىلىدۇ. ماڭا تۆھمەت چاپلاپ نامىمنى قارىلايدۇ، بۇ ماڭا دەرد ئۈستىگە دەرد بولماي نېمە؟ — دەپتۇ يىغلاپ تۇرۇپ، نۆكەرلەر ئۇ ئايالدىنمۇ ئايرىلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ قېشىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ئاكا، سىلىنىڭ غەملىرى بارمۇ؟

— بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دېھقان قايناپلا كېتىپتۇ. بىز دېھقان خەق ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلەيمىز، جاپاغا كۆنۈپ كەتتۇق، بىر كۈنمۇ ئارام ئالمايمىز، ئۈستىمىزدىكى ئالۋان - ياساقنىڭ دەستىدىن يەلكىمىزنى كۆتۈرەلمەيمىز. ئەتىگەنلىكىمىزنى تاپساق، چۈشكە يوق، چۈشلۈكىمىزنى تاپساق، كەچكە يوق. بۇ غەم بولماي نېمە؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى نۆكەر ھەممە يەرلەرنى ئايلىنىپ ھەر كەسىپ، ھەر تەبىقىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەھۋاللىشىپ ھېچ يەردىن غېمى يوق كىشىنى تاپالماپتۇ. ئۇلاردىن بىرى بارنىڭ غېمى دېسە، بىرى يوقنىڭ غېمى دەپتۇ. بىرى كېسەلنىڭ غېمى دېسە، بىرى قەرزنىڭ غېمى، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەش كۈن مۆھلەتمۇ توشۇپ قاپتۇ. بۇلارنىمۇ غەم بېسىپتۇ. ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەي تەشۋىش ئىچىدە كېتىۋاتسا، بىر يەردە چالمىدا ئوچاق قىلىپ، ئۇماچ چېلىپ ئولتۇرغان يالىڭاچ بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئىڭىشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. ئۇلار قارىغاندا مۇشۇ كىشىنىڭ غېمى يوقمۇ نېمە؟ دېيىشىپ ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ.

— ئەسسالام، بوۋا، قارىغاندا سىلىنىڭ غەملىرى يوق ئىكەندە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى پەرۋاسىزلا:

— شۇنداق مېنىڭ غېمىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا كۆڭلەكلىرىنى بىزگە سېتىپ بەرسىلە، بىز يۇقىرى باھادا سېتىۋالايلى، — دەپتۇ. ئۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭ كىيىشكە كۆڭلىكىممۇ يوق، تۇرغان تۇرقىم مۇشۇ، ئەگەر كۆڭلەك بولسا كىيمەي، مۇشۇنداق يالىڭاچ يۈرمەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ نۆكەرلەر ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ھېچ يەردىن غېمى يوق كىشىنى تاپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ سالپايغان ھالدا ئوردىغا قايتىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرىنمۇ قويماي پادىشاھقا مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشاھ يەنە تەرەپ - تەرەپنى قويماي غەمسىز ئادەمنى ئىزدەتكەن بولسىمۇ، غېمى يوق ئادەمنى تاپالماپتۇ. «جاھاندا غەمسىز كىشى يوق» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ۋەلى تۇرەك

توپلىغۇچى: ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن

(قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىدىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

مۇھەررىرى: تۇرنىسا باقى

# چۈشنىڭ ئىشارىلىرى

△ قەبرىستاندا يۈرۈپ چۈشىسە گۇناھى ئازلىغاي .
△ چولڭ دەرەخ يىقىلىپ چۈشىسە شۇ جاينىڭ چوڭىغا خەتەر يېتەر .
△ تاغنى كۆرۈپ ياكى تاغدا يۈرۈپ چۈشىسە ئىززەت ۋە ھۆرمەتلىك بولغاي.
△ ئىس ـ تۈتەك ياكى تۇمان چۈشىسە ئازابقا مۇپ- تىلا بولۇر .
△ ئانار چۈشىسە بىر يەردىن سوۋغات خەۋىرى كېلۇر.
△ ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشىسە ئۆزىگە زىيان يېتەر.
△ تۆمۈر ئەسۋاب چۈشىسە، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇر.
△ قامچا چۈشىسە چوكان ئالار .
△ توشقان چۈشىسە پەرزەنت نېسىپ بولۇر.
△ قاغاقاقىلداپ چۈشىسە قور قۇنچلۇق خەۋەر كېلۇر.
△ پاختەك چۈشىسە ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.
△ قۇشقاچ چۈشىسە غەمكىن بولار.
△ پەرزەنتلىك كىشى كەپتەر چۈشىسە پەرزەنتى ئالىم بولار.
△ لاچىن چۈشىسە پەرزەنتى باتۇر بولار .
△ سېغىزخان چۈشىسە ھارامخور بىلەن دوست بولار.
△ قارلىغاچ چۈشىسە پەرزەنتى راست سۆزلۈك بولار.
△ ھۆپۈپ چۈشىسە بالىسى بېخىل بولۇر .
△ ئاسماندا ئۇچۇپ چۈشىسە دۆلىتى زىيادە بولار .
△ يەر ياقىلاپ چۈشىسە ياكى ئۇچۇپ يىقىلىپ چۈش كۆرسە سەپەردە خەتەرگە ئۇچرار.
△ تۆگە چۈشىسە ئەۋلىيالار بىلەن دوست بولار .
△ تۇخۇم يەپ چۈشىسە پەرزەنت كۆرمەس .
△ تۇخۇم چېقىلىپ چۈشىسە پەرزەنتى تۇرماس.
△ قوناق چۈشىسە مۇشكۇلى ئاسان بولار .
△ شەھەر چۈشىسە مۇشكۇلى ئاسان بولۇر .
△ چولڭ بولۇپ چۈشىسە رەنجىگە گىرىپتار بولۇر.
△ تارازا چۈشىسە دەۋاگەر بولار .
△ كۆۋرۈك چۈشىسە ئابرۇيلۇق بولار .
△ گۈل چۈشىسە ئۇلۇغلاردىن ئىنئام ئالار .
△ بىلەزۈك چۈشىسە نىكاھى مۇستەھكەم بولۇر .
△ ھارۋا چۈشىسە ياكى چۈشىدە پۇتىمىغا ئاياغ كىيسە خوتۇن ئالۇر .
△ قىزبالا چۈشىسە ئۆمرى ئۇزۇن بولار .
△ چوكان چۈشىسە پۇل ـ مالى ئامان بولۇر .
△ ئوڭ قولى غايىب بولۇپ چۈشىسە ئوغۇل پەر- زەنتىگە، سول قولى غايىب بولۇپ چۈشىسە قىز پەر- زەنتىگە خەتەر يېتەر.
△ بەدىنىگە موي چىقىپ چۈشىسە پۇل مالىغا زىيان يېتەر .
△ ھايۋانىنىڭ تېرىكىنى تېرىپ چۈشىسە، ئۆمـ رىنى مۇشەققەت بىلەن ئۆتكۈزەر .
△ ئۆيگە سۇ كىرىپ كېتىپ چۈشىسە ، ئۆيگە بەرىكەت كېلۇر، سۇ بەرىكەتنىڭ ، نىجاسەت دۇنيانىڭ سۇرىدۇر.
△ دەريا چۈشىسە مەرتىۋىسى ئۆسەر .
△ دەرياغا چۈشۈپ چۈشىسە ھاجىتى راۋا بولغاي .
△ كېمىگە چىقىپ چۈشىسە مەرتىۋە تاپار .
△ پاقا چۈشىسە ئەۋلىيالار بىلەن دوست بولۇر .
△ بېلىق چۈشىسە ھالالدىن رىزىق تاپار .
△ ئات يۈگۈرتۈپ چۈشىسە مۇرادىغا يېتەر .
△ ئات مىنىپ جەڭ قىلىپ چۈشىسە خوتۇن بىـ
△ كەتمەن چۈشىسە مۇرادىغا يېتەر .
△ ئارا چۈشىسە ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي .
△ خامان تېپىپ چۈشىسە خەلققە باشلىق بولۇر .
△ كىيىك چۈشىسە نېمەتكە داخىل بولار .
△ ئوغلاق چۈشىسە پەرزەنتى مەككار بولۇر .
△ تۆگە قوغلاپ چۈشىسە ئەۋلىيالارنىڭ غەزىپىگە

لەن ماجىرالىشىپ ئۆي بۇزۇلار.

△ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشسە، خوتۇندىن يامانلىق كېلەر.

△ يايلا قويرۇقلۇق ئاتقا مىنىپ چۈشسە، خوتۇنى كېسەل بولۇر.

△ لەھەڭدەم تارتىپ چۈشسە ئۇلۇغلاردىن ئىنئام ئالار.

△ قوغۇن يەپ چۈشسە، رىزقى كۆپ بولۇر.

△ تولۇق قوغۇن يەپ چۈشسە جېدەلگە قالۇر.

△ ئاچچىق قوغۇن يەپ چۈشسە بىر كىشىدىن ئىزا ـ ئاھانەت ئاڭلار.

△ ئاق ئۈجمە يەپ چۈشسە رىزقى كۆپ بولغاي.

△ ياڭاق چۈشسە جېدەلگە قالار.

△ كۆك ئۈزۈم يەپ چۈشسە يىغا ـ زارلىق بولار.

△ غەلۋىر چۈشسە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرار.

△ ئۆتكەمە چەشىبە غەمگە قالار.

△ ئايال كىشى ئوغۇل تۇغۇپ چۈشسە قىز تۇغار.

△ جىگدە چۈشسە نائەھلى بىلەن دوست بولار.

△ تولا يىغلاپ چۈشسە كېسەل بولار.

△ گۆر كولاپ چۈشسە ھاجىتى راۋان بولۇر.

△ ھەرە چۈشسە بىراۋدىن ئازارلىنار.

△ چېچەك چۈشسە ئۆمرى راھەتتە ئۆتەر.

△ شېكەر، ناۋات چۈشسە خۇشاللىق بولار.

△ جەڭ بولۇپ چۈشسە، كېسەل تولا بولار.

△ قولىقى گاس بولۇپ قېلىپ چۈشسە بەتنام سۆزلەردىن قۇتۇلار.

△ روھ كولۇپ چۈشسە، ئازاب تارتقاننىڭ سۈرىدۇر.

△ روھ دەشنام قىلىپ چۈشسە مەدەت قىلغاننىڭ سۈرىدۇر.

△ روھ ئۇرۇپ چۈشسە، ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇر.

△ روھ ئىززەتلەپ چۈشسە، ئۆز يېنىغا تارتقاننىڭ سۈرىدۇر.

△ روھ تائام بېرىپ چۈشسە، دوئا تەلەپ قىلغانلىقىدۇر.

△ روھ تاھارەت ئېلىپ چۈشسە، گۇناھى تۆكۈلەر.

△ تۈگمەن قۇرۇق چۆرگىلەپ چۈشسە، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە قالغاي.

△ تۈگمەندە ئۇن تارتىپ چۈشسە، پۇل مالى كۆپ بولغاي، ھاجىتى راۋا بولغاي.

△ يامغۇر يېغىپ چۈشسە ئەرزانچىلىق، مولچىلىق بولار.

△ ھىلال ئاي چۈشسە، پەرزەنت كۆرگەي، تولۇن ئاي كۆرسە مۇشكۈلى ئاسان بولغاي.

△ يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ چۈشسە قۇرۇق تۆھمەتكە يولۇققاي.

△ چېچى ئۆسۈپ چۈشسە قەرزدار بولغاي.

△ بۇرنى پۇچۇق بولۇپ چۈشسە ئەيىبى ئاشكارا بولار.

△ ئاق تون كىيىپ چۈشسە، ماتەمدار بولار.

△ قىزىل تون كىيىپ چۈشسە، روشەنلىككە چىقار.

△ كۆك ياكى قارا تون كىيىپ چۈشسە يىغا ـ زارلىق بولار.

△ ئەگەر قۇشلار سوقۇشىپ چۈشسە، دۈشمىنى بىلەن دوست بولار.

△ كېپەن راسلاپ چۈشسە ئۆمرى ئۇزۇن بولار.

△ جىنازا كۆرۈپ چۈش كۆرسە خەلققە چوڭ ئاپەت يېتەر.

△ قازانغا ئوت قالاپ چۈشسە بەتنىيەت بىلەن دوست بولار.

△ ساندۇق چۈشسە ئىشلىرى راۋاج تاپار، ساندۇقتىن نەرسە ئېلىپ چۈشسە غەمدىن خالاس بولار.

△ چۈشىدە كوزا ياكى كوزا چېقىلىپ كەتسە خوتۇننىڭ تۇغۇشى قىيىن بولار.

△ تاۋاق چۈشسە پەرزەنت كۆرەر، تاۋاق چېقىلىپ چۈشسە بالىسى تۇرماس.

△ ھەركىمنىڭ ئۆي تېمى ئۆرۈلۈپ چۈش كۆرسە، ئوغۇل پەرزەنتىگە خەتەر يېتەر، ئۆيىنىڭ تۆۋەن تېمى ئۆرۈلۈپ چۈش كۆرسە قىز پەرزەنتىگە خەتەر يېتەر، ئۆيىنىڭ قىبلە تېمى ئۆرۈلۈپ چۈش كۆرسە ئاتا تەرەپكە، شەرق تېمى ئۆرۈلۈپ چۈش كۆرسە ئانا تەرەپكە خەتەر يېتەر، توروس ئۆرۈلۈپ چۈش كۆرسە ئۆيىنىڭ چوڭىغا خەتەر يېتەر.

△ چىشى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرسە ماتەمدار بولار.

توپلىغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# «قارانچۇق» قىسمىتى

پەرىدە مالىك

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 1 - سانىدا، يۇمۇرىستىك ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ئىقتىدارلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قارانچۇق» ناملىق ئىجادىي چۆچىكى ئېلان قىلىندى.

«قارانچۇق» ناملىق چۆچەك خەلق ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا يېزىلغان بولغاچقا، چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى ئاسانلا كىتابخانىلارنىڭ ئېسىدە قالىدۇ.

«قارانچۇق» نىڭ سەرگۈزەشتىسى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئەسەردە ئېتىزغا قاچان، كىم تەرىپىدىن قاداپ قويۇلغانلىقى ئېنىق بولمىغان بۇ قارانچۇق ئىگىسى بولمىغان زېمىندا ئۆزىنى شۇ زېمىنىنىڭ خوجايىنىدەك ھېس قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر بەگ پەيدا بولۇپ بۇ يەرگە خوجايىنلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ، بەگ ئۈچۈن ئىشلەپ، چاپىنى تىمىزىدىن ئاشماس بولۇشقا باشلاپتۇ، بۇنى كۆرۈپ تۇرغان قارانچۇقنىڭ غەزىپى تېشىپتۇ. بىراق ئۇ جانسىز، تىلسىز بولغاچقا ئىلاجىسىز كەن. شۇ كۈنلەردە قارانچۇق بار ئەتراپقا چۈشۈپ دانلايدىغان بىر چىرايلىق قۇش بولۇپ، بىر كۈنى قارانچۇق بۇ قۇشقا: «نەپسانىيەتچى بەگ مېنىڭ ئۇستۇۋېشىمنى يېڭىلاپ قويمىسىمۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا، ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلالايدىغان قىلىپ قويغان بولسا، شۇ بەگدىن ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالغان بولسام» دەپ ھال ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا بۇ چىرايلىق قۇش: «جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۈنچىقماي كۆزەتكەنلا تۈزۈك. شۇ چاغدىلا بېشىڭغا بالا تېپىۋالمايسەن، ئۆلۈمالىقتا كامالەتكىمۇ يېتىسەن» دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. قارانچۇق يەنىلا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، چىرايلىق قۇشقا يالۋۇرۇپ، سەن ياراتقان ئىگەمگە مېنىڭ ھالىمنى ئېيتىپ: «مېنى ئازراق بولسىمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان، بىر - ئىككى ئېغىز گەپنى بولسىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان قىلىپ قويغان بولساڭ» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ، قۇشمۇ قارانچۇقنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇش ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ سۆھبەت بولۇپ خېلى زامانلاردىن كېيىن، بىر كۈنى قارانچۇق ئۆزىدە غەيرىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ زۇۋانغا كېلىپ ئېتىزدا قوغۇنغا چۆنەك تارتىۋاتقان ئەمەت قوغۇنچىنى، مەھەللىنىڭ ئىمامىنى قورقىتىۋېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەگ غەزەپكە كېلىپ، ئىشنىڭ راست يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئېتىز بېشىغا چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قارانچۇق يەنىلا ئەسكى تۇماق، مېزى چۇۋۇلغان چاپاننىڭ ئىچىدە، قولىنى كېرىپ، ئىلگىرىكى بىچارە ھالىتىدە تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن غەزەپكە كېلىپ ئەمەت قوغۇنچىنى جازالىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يالۋۇرۇپ، يېلىنىشلىرىغا، قەسەم ئىچىپ ۋاي - دات دېيىشلىرىگە قارىماي، قارانچۇقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ، كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمەت قوغۇنچىنى خۇددى ئەيسانى كرېستقا مىخلىغاندەك

تۈۋرۈككە باغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگ خاتىرجەم هالدا مەھەللىگە قايتىپتۇ. شۇ كېچە بەگنى ھېلىقى قارانچۇق خوتۇنىنىڭ قېشىدىن تېپىپتۇ، بۇ چاغدا بەگ قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ، قارانچۇق بەگكە: « يەرنىڭ غوجىسى بولغان ئادەم ئېتىزنىڭ بېشىدا تۇرماي خوتۇنىنىڭ قوينىدا ياتامدۇ؟ يۈرسىلە» دەپتۇ. بەگ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قارانچۇقنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى بۇ گەپ بەگنىڭ خوتۇنى ئارقىلىق باشقىلارغا يېتىپتۇ ـ دە، بىردەمدىلا ئەتراپقا ئادەملەر يىغىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كۈن بۇرۇن بەگ تەرىپىدىن ئېتىزغا قارانچۇق قىلىپ باغلاپ قويۇلغان ئەمەت قوغۇنچىمۇ تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ، ئېتىز بېشىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلگۈدەك بولسا، بىر كۈن بۇرۇن ئەمەت قوغۇنچىنى باغلىغان تۈۋرۈكتە بەگ باغلاقلىق تۇرغۇدەك، بېشىدا ئەسكى تۇماق، ئۇچىسىدا مېزى چۈۋۈلۈپ كەتكەن كونا چاپان. شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ ئىشلىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك سېنىڭ، مېنىڭ دېيىشمەيدىغان بولۇپ، كىشىلەر شادلىققا چۆمۈپتۇ، بەگ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلغان هالدا ھېلىقى ئېتىز بېشىدا قارانچۇق بولۇپ تۇرۇپ، قارانچۇق بولماقنىڭ ئازابىنى هازىرغىچە تارتىپتۇ. قايتىدىن بەگ بولۇپ قالسا خەلقنى، قارانچۇقلارنى قانداق رازى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلىدىكەن......

«قارانچۇق » تا مىللىي پۇراق، بەدىئىي ماھارەت، چۆچەكلەرگە خاس خىيالىي تەسەۋۋۇر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. چۆچەكنى سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان بىردىنبىر ئامىل يازغۇچىنىڭ سىمۋول ئۇسۇلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقىدا.

بۇ چۆچەكتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەم شۇنىڭغا ماس هالدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقىمىزدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق، شۈكۈر ـ قانائەتچانلىقتىن ئىبارەت روھىي هالەتلەرنى ئىپادىلىگەن. يەنە نامۇۋاپىق قىلمىشلار، نەپسانىيەتچىلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكتەك ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلىغان.

«قارانچۇق» سىمۋوللاشتۇرۇلغان تىپ بولۇپ، ئۇنىڭ جانسىز جىسمىغا خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئەلنى ئويلايدىغان، ئۆز يېرىنى سۆيىدىغان كىشىلەردىلا بولىدىغان روھ سىڭدۈرۈلگەن. «قارانچۇق» تا تەبىئەتتىكى جانسىز نەرسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق توقۇلما بىلەن بەدىئىي چىنلىقنى گىرەلەشتۈرگەن. مەركىزىي ئىدىيە روشەن ئېچىپ بېرىلگەن.

«قارانچۇق» تا مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تۇرلۇك ناچار ئىللەتلەر، بىخۇدلۇقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇمۇرىستىك پىسخىك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئېچىپ بېرىلگەن.

كىتابخانلار «قارانچۇق» نى ئوقۇپ كۈلمەي، گويلانماي قالمايدۇ. لېكىن بۇ كۈلۈش مەسخىرىلىك كۈلۈشتۇر.

«قارانچۇق» تا يازغۇچى ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، لىرىك ھېسسىياتىنى رومانتىك تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ، ئەسەرگە تېخىمۇ گۈزەل بەدىئىي تۈس بەرگەن. بىر پارچە بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، باش تېمىسىنىڭ توغرا، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ زور، ئېستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇش ـ بولماسلىقى ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن بەدىئىي تىلنىڭ كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز يازغۇچىنىڭ بۇ ئىجادىي چۆچىكىنى مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغان، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ياخشى ئەسەر، دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

**مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد**



# قوي ھەققىدە رىۋايەت



رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا قويلار ئادەملەرگە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىكەنمىش، شۇ زامانلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوي باقار ئىكەن. ئۇ قويلارنى نەدە ئوت چۆپ كۆپ بولسا، شۇ يەرگە ئاپىرىپ باقىدىكەن، قويلارنىڭ قورسىقى تويغاندا تويدۇق، دەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قويلار ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقاندا، پەيغەمبەر سوراپتۇ:

—تويدۇڭلارمۇ ؟

—تويدۇق، — دەپ ۋارقىراپتۇ قويلار. پەيغەمبەر قويلارنى ئەكېلىپ ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە قويلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە:

— قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

—ھېلىلا تويدۇق دەپ ۋارقىرىغان ئىدىڭلارغۇ ؟

—ئوت ـ چۆپلەر بەك ئاز ئىكەن، بىز تويمىغان، — دەپتۇ قويلار. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قويلارنى ناھايىتى ئېسىل بىر يايلاققا باشلاپ ئاپىرىپتۇ. قويلار بىردەم ئوتلىغاندىن كېيىن:

—قورسىقىمىز بەك تويۇپ كەتتى، ئەمدى كېتەيلى، —دەپتۇ. پەيغەمبەر:

—كۆپرەك يەۋېلىڭلار، بىردەمدىن كېيىن قورسىقىڭلار يەنە ئېچىپ كەتمىسۇن، — دەپتۇ. قويلار:

—پەقەتلا يېگۈدەك يېرىمىز قالمىدى، بەكلا تويۇپ كەتتۇق، —دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويلارنى ھەيدەپ كېلىپ ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ. بىرئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا قويلار يەنە:

—قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بەزىلىرى ئېغىلدىن سەكرەپ چىقىپ سىرتلاردىكى زىرائەتلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن پەيغەمبەر:

—ھازىر تېخى يېگۈدەك جاي قالمىدى، دېگەن ئىدىڭلار، ئەمدىلىكتە بۇنداق ۋارقىراپ، باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىنى يەۋالغىنىڭلار نېمىسى؟ —دەپتۇ.

قويلار:

—ئوت چۆپلەر دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىكەن، بىزنى تېخىمۇ ياخشى چۆپلەر بار يايلاققا باشلاپ بارسىڭىز، قورسىقىمىزنى راسا بىر تويغۇزۇۋالساق، — دەپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم قويلارنى ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بىر يايلاققا باشلاپ ئاپىرىپتۇ ۋە:

—ئەمدى تازا يەڭلار، قورسىقىڭلارنى راسا تويغۇزۇڭلار، قايتقاندا باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىنى قالايمىقان يەۋالماڭلار، — دەپتۇ. قويلار بىرئاز ئوتلاپلا:

—ئەمدى راستىنلا بەك تويۇپ كەتتۇق، قايتىپ كېتەيلى، — دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويلارنى ھەيدەپ كېلىپ ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ. لېكىن بىردەمدىن كېيىن قويلار يەنە قالايمىقان ۋارقىرىشىپ ۋە ئېغىلدىن سەكرەپ چىقىپ باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىنى قالايمىقان يەپ، دەسسىگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپتۇ:

—ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، سېنىڭسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، مېنىڭ بۇ دۇئايىمنى قوبۇل قىلساڭ، مۇشۇ ئاچ كۆز ھايۋانلارنىڭ زۇۋانىنى تۇتۇپ قالساڭ! تەڭرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ بارلىق ھايۋانلارنىڭ زۇۋانىنى تۇتۇپ، گەپ قىلالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ھايۋانلارنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ گەپ قىلماس بولۇپ قالغانىكەن. بۇرۇن يېگەنلىرىنى كۆشەپ ئادەملەرنىڭ بەرگىنىنى يەيدىغان كۈنگە قالغانىكەن.

تۈپلىگۈچى: مەمەتتۇرسۇن مەمتىمىن

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# دەرەخ تۇۋىدىكى ئىستىقامەت

شىن شىنىي [ ياپونىيە ]

يېزىدىن يىراق تاغ ئارىسىدا بۈك - باراقسان ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا بولۇپ ، بۇ دەريانىڭ يېنىدا ئۇزاققا سوزۇلغان چىغىر يول بار ئىكەن. شۇ يولدا بىر كىشى ئەگرى - توقاي چىغىر يولنى بويلىغىنىچە بەلدەمبەلدەم يۇقىرىلاۋاتقانىكەن.

ئۇ كىشى كېتىۋېتىپ دەريا بويىدىكى قەدىمكى دەرەخنىڭ تۇۋىدە بىر ئەۋلىياغا ئۇچراپتۇ. ئەركىشى ئۇنىڭغا تىكىلگەن پېتى تۇرۇپ قېلىپ ، ئاخىر سۆز ئېچىپتۇ:

—مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭىزغا قارىغاندا ئەۋلىيا ئوخشىمامسىز؟!

سۆزىڭىز ئورۇنلۇق. بۇرۇن بۇ يەردە ھەقىقەتەن بىر ئەۋلىيا ئۆتكەن ، مەن شۇ ئەۋلىيانىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم ھەمدە ئىستىقامەت قىلىپ كەلدىم. ئەۋلىيا دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئىزباسارى بولدۇم.

—سىزگە ھەقىقەتەن مەسلىكىم كېلىۋاتىدۇ، مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا شەھەردە ياشاپ ، زېرىكىشلىك تۇرمۇش كەچۈردۈم...

—ئەگەر سىز بۇ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭسىڭىز ، ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ پورت شەھىرى بار ئىكەن. ئاڭلىسام ھەر كۈنى نۇرغۇن چەت ئەل پاراخوتلىرى كىرىپ چىقىپ تۇرىدىكەن. مېنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىم ياكى ئەمەسلىكىمگە ئۆزۈمنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىم بەسى مۇشكۇل. ئەمما سىزنىڭ چاكىنا ئادەملىكىڭىز بەرھەق. ئۆزىڭىزنىڭ ياسىنىۋېلىشىغا قاراپ بېقىڭ: غەلىتە كىيىم - كېچەكلىرىڭىز ، غەيرىي رەڭگىڭىز ، ئاجايىپ چاچ شەكلىڭىز ، پار - پۇر ئايىغىڭىز ، تېخى بوينىڭىزغا ئېسىۋالغان ۋال - ۋۇل زەنجىرىڭىز ...سىز بۇ يەردىكى نەرسىلەرگە نېمىدېگەن ماسلاشمىغان...

ئۇ كىشى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل دۇگدىيگەندەك بوپتۇ.

—ھەقىقەتەن خىجىلمەن، سىز قانداق بىلىسىز ، مېنىڭ ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈۋاتقىنىم ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش.

—ھەركىمنىڭ ئۆزى خالايدىغىنى، خالىمايدىغىنى بولىدۇ. سىز ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بۇنى جىنايەت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. يىراق سىز بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟

—مەن شەھەر تۇرمۇشىدىن زېرىكتىم ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىرادىسىگە كەلدىم ، شۇڭا دەريا ياقىلاپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم.

—سىز ئالدىڭىزغا قاراپ يەنە ماڭماقچىمۇ؟

—شۇنداق ، داۋاملىق مېڭىۋەرمەكچى.

—مۇشۇنداق ماڭسىڭىز ، تاغنىڭ بېشىغا چىقماي تۇرۇپلا ، يېرىم يولدا ئۆلۈپ قالىسىز.

—مەن ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىمەن، ئەمما تىرىكتاپلىق تۇرمۇشۇمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن ، ھاياتىنىڭ مەن ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى قالمىدى.

ئەۋلىيا ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىگە قاراپ، مۇنداق دەپتۇ:

—قارىغاندا ئوبدان ئويلانغاندەك تۇرىسىز. مەن سىزگە ياردەم قىلاي، مۇشۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىڭ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەر خىل خىياللارنى چۆرۈۋېتىپ، تەبىئەت بىلەن بىر جان— بىر تەن بولۇپ كېتىسىز.

—ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا تېپىلغۇسىز ئىش بولغۇدەك، كۆپرەك يول كۆرسەتسىڭىز، لېكىن مېنى خىجىل قىلىدىغىنى مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق سوۋغامنىڭ بولمىغىنى. نەق گەپنى ئېيتسام، ئويۇن تاماشىغا بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكىمدىن مال - مۈلكۈمنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ چېچىپ تۈگەتتىم، يەنە نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم. بۇمۇ شەھەردىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ بىر سەۋەبى. قارالڭ، مەن نېمىدېگەن لەنەتگەردى ئادەم —ھە، ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن. مانا ئەمدى مېنى پالاكەت بېسىپ، قورسىقىم ئاچلىقتىن غۇرۇلداپ كېتىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم.

—ئەنسىرەپ كەتمەڭ، بۇ قىشلىقىمۇ، يازلىقى ئىسسىق بولىدىغان، ھاۋاسى كىشىگە ياقىدىغان جاي. قارالڭ، ئۇستۇمدىكى مۇشۇ كىيىملىرىملا سوغۇقتىن تولۇق ساقلىيالايدۇ. سىز مۇشۇ قەدىمكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمسىڭىز، بۇ دەرەخ ئۆزىنىڭ ئىلاھىي كۈچىنى تارقىتىپ، سىزنى پېشكەللىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن شادلاندۇرىدۇ.

—بىراق، يېمەك ئىچمەك...

—غەم قىلماڭ. مەن سىزگە پۇرچاقتەك كېلىدىغان يېمەكلىكتىن بىر سىقىم بېرىمەن، كۈنىگە ئۈچ قېتىم، بىر قېتىمدا بىردىن دەريادىكى سۈزۈك سۇ بىلەن يۇتۇۋەتسىڭىزلا بولىدۇ.

—مۇشۇنىڭ بىلەنلا جاننى ساقلىغىلى بولامدۇ؟

—بۇ ئۇستازىمدىن ئۆگەنگەن ئۇسۇل بىلەن ياسىغان يېمەكلىك. ئۇ ئاجايىپ كۈچ— قۇدرەتكە ئىگە، ئىچكەندىن كېيىن بەدەندە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

—بىلىۋالدىم، دەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، —ئۇ كىشى.

ئەۋلىيا يانچۇقىدىن بىر سىقىم يېشىل دانىچەنى ئېلىپ:

—يەپ بولغاندا يەنە ئەكېلىپ بېرىمەن.

ئەۋلىيا شۇنداق دەپلا ئورمانلىقتا كىرىپ كېتىپتۇ. يېقىنلا بىر جايدا ئەپچىللىكىنە بىر كەپە بار ئىكەن، ئەۋلىيا شۇ يەردە تۇرىدىكەن.

ھېلىقى كىشى ئۇستۇۋاش ۋە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، يېمەكلىكتىن بىرنى يەپتۇ. ئاندىن دەرەخ تۈۋىدە جىمىدە ئولتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئەۋلىيا ئويغىنىپ، يېنىدا ياش بىر قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاق شايىدىن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، پەرىزاتقىلا ئوخشايدىكەن.

—سىز كىم بولىسىز؟ —دەپتۇ ئەۋلىيا، — ھە، ئېسىمگە كەلدى، مۇشۇ يەردە سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، ھازىرلا يېنىپ كېلىمەن.

ئەۋلىيا كەپىسىدىن چىقىپ قەدىمكى دەرەخنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ھېلىقى كىشىگە:

—ناھايىتى ياخشى قىپسىز! ئەمدى سىز ئايال زاتىنى قەلبىڭىزدىن ھەيدەپ چىقىرىپسىز، كارامەت ئىش قىپسىز، —دەپتۇ.

—شۇنداق، سىز دېگەندەكلا بولدى. ئەمما مەن يەنىلا ئۇنى بەك سېغىنىپ كېتىۋاتىمەن!

—ھەئە، بۇنى سىزنىڭ چىرايىڭىزدىنلا بىلىۋالدىم.

ئەۋلىيا كېتىپتۇ، ھېلىقى كىشى كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە ئىستىقامەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

يەنە بەش كۈن ئۆتۈپ، ئەۋلىيانىڭ ئالدىدا تاماقمۇ پەيدا بوپتۇ. ئەۋلىيا:

—ھەقىقەتەنمۇ بەك ياخشىكەن، مېنىڭ مۇنداق نازۇنېمەتلەرنى تېخى تۈنجى قېتىم تېتىپ بېقىشىم، — ئەۋلىيا يەنە قىزنى بۇ نەرسىلەرنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. باشتا قونچاقتەك قىلىچە ئىپادە بىلدۈرمەي ئولتۇرغان قىز بىرنېمە يېگەندىن كېيىن ئاغزى بېسىقماي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ:

—ۋىيەي، بۇ ئەر ئۆمىد ئۈزۈپ دۇنيادىن بىزار بولدۇم دېگىنى بىلەن، تازىمۇ ئەخمەق بىر نېمىكەن جۇمۇ.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەۋلىيانىڭ ئالدىدا نازۇنېمەتلا ئەمەس، بەلكى ئېسىل هاراقمۇ پەيدا بوپتۇ. ئۇ بىر يۇتۇم تېتىپ بېقىپ، بىردىنلا روھلىنىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپتۇ. ھېلىقى قىزمۇ بىر يۇتۇم ئىچىپ بېقىپ ئىلگىرىكىدىنمۇ جىق سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. قانداقتۇر بۇ دۇنيادىكى ئېپقاچتى پاراڭلار، ئېقىۋاتقان قائىدە - يوسۇنلار، ئاجايىپ - غارايىپ قىزىقارلىق خەۋەرلەرنى، پەلىپەتىش گەپلەرنى توختىماي سۆزلەۋېرىپتۇ. قىز سۆزلىگەچ ئولتۇرۇپلا ئۇنىڭ قوينىغا كىرىۋاپتۇ. بىراق ئەۋلىيا چاكىنا ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتەن راھەتتە ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئەۋلىيا قەدىمكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېتىۋاتقاندا، ئەركىشى مۇنداق دەپتۇ:

—ھازىر مەن نازۇنېمەت، هاراق شاراب دېگەنلەردىن پۈتۈنلەي مېھرىمنى ئۈزدۈم، شۇڭا يېگىۋاشتىن تۆرەلگەندەك غەم - غۇسسىسىز ئۆتۈۋاتىمەن.

—بەك ياخشى بوپتۇ، شۇ تاپتا مەنمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن. سىز ئىستىقامىتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

ئەۋلىيا شۇنداق دەپلا كەينىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئەۋلىيا تۇرىدىغان جاينىڭ يېنىدا يەنە بىر قورو پەيدا بوپتۇ. ئەۋلىيا تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا بەخۇدۇك ياتقانلىقىنى، ھېلىقى قىزنىڭ يېنىدىلا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ ئۆي شۇنداق كاتتا ۋە ئازادە ئىكەن، ئۇنىڭدىكى ئۆي جاھازلىرىدىن تېمە دېسە شۇ تەييار ئىكەن. ئىشكاپنى ئاچسا ئادەمزاتنىڭ خىلمۇخىل كىيىملىرى ئېسىقلىق تۇرغانلىقى كۆرۈنىدىكەن. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپتىن چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ كىيگەندىن كېيىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەۋلىيا ئىشىكتىن چىقىپ بۇ ھويلىغا يىراقتىن سىنچىلاپ قاراپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىقلا بىر داچا تۇرغۇدەك. نېمىشقىدۇر، بۇ داچا كىشىنى بايلار بايلىقىنى كۆز كۆز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدىكەن، ئەۋلىيا سەيلە قىلغاچ ھېلىقى قەدىمكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ھېلىقى كىشىدىن:

—كەيپىياتىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

—ھازىر مەن ئېسىل كىيىنىپ، ياخشى غىزالىنىشقا قىزىقمايلا قالماستىن، كاتتا قورۇ جايلاردا ئولتۇرۇش نىيىتىدىنمۇ ۋاز كەچتىم.

—بەك ياخشى بوپتۇ.

—خىيال قىلىشتىن قالسىڭىز، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەدىنىڭىزمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولىدىكەن.

بۇ سىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن ئىدراكقا يېتىشىڭىز ئۈچۈن يەنە بىر مەزگىل تاۋلىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان چاپىنى ئۆڭۈپ پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى رەڭگىنى يوقاتقان، بۇرۇنقى پېتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىكەن.

—مۇشۇنداق ئىستىقامەت قىلسىڭىز، توغرا يولنى چوقۇم چۈشىنىسىز، مەن سىزگە يەنە ئازراق يېشىل دانىچە بېرەي.

ئەۋلىيا قايتىپ كېلىپ كاتتا ھويلىسىدىكى خۇشال

تۇرمۇشىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي – ئۆتمەيلا چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ پەيدا بوپتۇ. قىز گۈزەل مېلودىيىگە كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ غارايىپ كىتاب، تاۋار تەشۋىق قىلىش ئېلانى دېگەندەك نەرسىلەرمۇ ئەۋلىيانىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باغلام – باغلام پۇللار پەيدا بوپتۇ. قويۇق ئورمانلىق تاغدا ئۇلارنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ دەيسىز؟ شۇ ئارىلىقتا يەنە بانكىنىڭ پۇل ئامانەت كىنىشكىسى بايقىلىپتۇ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ كۆزى ئالاق – جالاق بولغۇدەك چوڭ سانلار بېسىلغانىكەن. قارىغاندا ھېلىقى كىشى مال – دۇنياغا قىزىققان – نەپسىگورلۇكتىن ئۇزۇل – كېسىل ۋاز كەچكەن ئوخشايدۇ. ئارقىدىن ئەرزان باھالىق مېداللارمۇ پەيدا بولۇپ، ھېلىقى كىشىدە ئازراقمۇ نام – مەنپەئەتكە بېرىلىش ئىدىيىسى قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى كىشى ئەۋلىياغا مۇنداق دەپتۇ:

—پانىي دۇنيادىكى خىياللىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك پاك پاكىز تازىلاپ چىقاردىم، ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى قالدۇقلىرىنى ئىستىقامەت ئارقىلىق تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەقىقىي تۇردە ئارزۇ ئارماندىن خالىي ئادەم بولىمەن.

—ناھايىتى ياخشى، داۋاملىق تىرىشىڭ!

—ۋۇجۇدۇم يەڭگىللەپلا قالدى، مۇنداق تۇيغۇ بەك ياخشىكەن!

—شۇنداق بولمامدىغان!

ئەۋلىيامۇ ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەپتۇ.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئەۋلىيا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھويلىسى، ئايالى، جىمى نېمىسى ئىز دېرەكسىزلا يوقاپ كېتىپتۇدەك. ئۇ بېشىنى قىيسايتىپ، تىزىنى قۇچاقلىغان پېتى پىچىرلاپتۇ:

«بۇ قانداق ئىش ھە، ئاخشام بوران چىقىپ بۇ بالىنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتتىمۇ ياكى ئۇ دەرياغا چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇنى دەرەخكە باغلاپ قويسام بوپتىكەن. ئۇ ماڭا ۋۇجۇدۇم يەڭگىللەپ قالدى دېگەن چاغدىلا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلسام بوپتىكەن. بەك ئېپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى».

ئەۋلىيا ئېھتىياتچان بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قەدىمكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە يەنە كەپتۇ، دېگەندەكلا ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى سىررىنى ھەقىقەتەن بىلەلمەپتۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ھەممە نېمە بۇرۇن ئەۋلىياغا شەيئىلەرنىڭ ھالىتى بولۇپ كۆرۈنگەن بولسا، مانا ئەمدى خىيالىي مەنزىرىگە ئايلىنىپ پۈتۈنلەي غايىب بوپتۇ.

«ھەي، ئىستەي، شەھەر تۇرمۇشىنى چۈشەنمەسەمغۇ مەيلىتى، ئەمما قېرىشقاندەك بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ قالدىم. ئەمدى بۇ يەردە ئارزۇ ئارماندىن خالىي تۇرمۇشنى يەككە – يېگانە ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم».

ئەۋلىيا دەريانى بويلىغىنىچە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ دەريا ئېغىزىغا جايلاشقان ھېلىقى پورت شەھىرىدە تۇرۇپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە ۋاراڭ چۇرۇڭى ئۇنى ھاڭ تاڭ قالدۇرۇپتۇ.

ئەۋلىيا ھېلىقى قىزنىڭ دەسلەپكى كۆپ تەرەپلىمە تونۇشتۇرۇشىدىن مىننەتدار بوپتۇ، چۈنكى ئۇ شەھەر تۇرمۇشىغا ماسلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانىكەن. لېكىن ئەۋلىيا بۇ يەردە ئەۋلىيا ئەمەسكەن، كىشىلەر ئۇنى راھىب، دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئىززەت – ھۆرمەتكە، خۇشامەتكە ئېرىشىپتۇ، ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ھالدا مۇشۇ شەھەرگە سىڭىپ كېتىپ، ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن ياشاپتۇ.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# باغلىرىڭ تېرەك بوستان



بېغىڭغا كىرەي دەيمەن،
كىرسەم خۇش ھاۋا بارمۇ؟
يار دەردىدە مەن ئۆلگىنىق،
ئۇنىڭغا داۋا بارمۇ ؟

تراكتوردا ئولتۇرۇپ،
ئېيتقىنىڭىز ناخشىمۇ؟
كۆرۈشمىدۇق ئەجەبمۇ،
ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

يېڭى باغقا كىرسىڭىز،
قول ئۇزاتماڭ يېمىشكە.
يار كەچتە باراي دېگەن،
كەلمەيدىكىن نېمىشقا ؟

كېلىپ قالدىم مەھەلىڭگە،
شوتا قويدۇم چەللىڭگە،
چىقسۇن دېسەم چىقمىدىڭ،
ئېيتىپ قويسام دەللەڭگە.

يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كېلىمەن،
دېۋانىدەك كوچاڭغا ؟

ئېتىزىڭدىن باش تەردىم،
ئېڭىزلىقنى ئارىلاپ.
ئەمدى دەردىڭ چىقتىمۇ،
خەققە مېنى قارىلاپ.

كۈن چۈشمەپتۇ ئايۋانغا،
ئۆينىڭ ئالدى باراڭمۇ؟
يىغلاپ تۇرۇپ كۈلمىدۇ،
يارىم ئوڭمۇ ـ ساراڭمۇ؟

كۆيۈكىنى خۇدا سالغان،
غېرىب بىلەن سەنەمگە.
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز،
ماڭا كەلگەن ئەلەمگە ؟

ئەلچى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولساڭ نېمىشقا،
ئۆينىتىسەن قېشىڭنى؟

ئېگىز ـ ئېگىز تېرەككە
پاختەك قوندۇراي دەمسەن ؟
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ،
دەردكە ئۆلتۈرەي دەمسەن ؟



تاغدا بولۇت ئەگىپدۇ،
يامغۇر يېغىپ قالارمۇ ؟
غېرىب بولغان كۆڭلۈمنى
يارىم كېلىپ ئالارمۇ ؟

ئوڭ قولۇمغا گۈل ئالدىم،
سول قولۇمغا لالىنى.
كۆرۈپ قالدىم خاپىدەك،
سەن يارىمنىڭ ھالىنى.

ئاتىم بار دېگەن بىلەن،
يۈگەن سالمىسام بولماس.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
خوتۇن ئالمىسام بولماس.

ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىدىن
تېرىۋالدىم تەڭگىنى.
ئەمدى كىمگە ئوخشتاي،
سىز يارىمنىڭ رەڭگىنى؟

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
مېۋىسى ناۋات بولسا.
يارىمنى سېغىنغاندا،
ئۈچقىلى قانات بولسا.

ئاسماندىكى كۆك كېپتەر،
ماڭا بىرئاز ساقلاپ بەر.
يارغا يازغان خېتىمنى
ئالغاچ كېتىپ تاشلاپ بەر.

دۇتارغا سالاي دېسەم،
يېڭى ئەشكەن تارى يوق.
يارىمنى كۆرەي دېسەم،
يوللار ئۇزۇن، چارە يوق.

يايلىدۇقا يايلىدۇق،
يايلاق چىمەندە يايلىدۇق.
ئەڭ ئېگىز دۆڭگە چىقىپ،
يارىم قايان، دەپ يىغلىدۇق.

مەھەردە شامال بولۇپ،
ئەگىتمەڭ تېرەكمنى.
بىر قاراپ كۈلۈپ قويۇپ،
كۆيدۈرمەڭ يۈرەكمنى.

باغلىرىڭ تېرەك بوستان،
بوستانىڭدا ئوينىدۇق.
سېنى كۆرمىگەن بىلەن،
كۆڭلىمىزدە ئويلىدۇق.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتىڭ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا

غەزەل ئوقۇماي دېسەم،
دەردىم ئوقۇتاي دېدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
ئوتى قارىتاي دېدۇ.

كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە
لاچىن ئۇچۇپ ئەگىيدۇ.
مېنىڭ يارىم هايالىق،
چاقچاق قىلماڭ تەگمىدۇ.

كۆيمىدى دەمسەن مېنى،
كۈل بولۇشنىڭ ئورنى يوق.
باغرى قارا تاش يارغا،
دەرد تۆكۈشنىڭ ئورنى يوق.

مۇز تۇتمىغان ئىلەكتىن،
ئۆتەلمەيسىز، ئاتلىماڭ.
مەندەك غېرىب يىگىتنى
پۇلى يوق دەپ تاشلىماڭ.

هويلىڭىز يول بويىدا،
ئارقىدىن يۈرۈشەرمىز.
مەن سىزگە سالام يازدىم،
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز.

توپلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن توختى
(چىرا ناهىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)
ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: مەرىم ئاغىچا
گۈلچەرىخان، جەمىلىغان
مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# ئادالەت ئۆلگەن...



(گېرمانە خەلق چۆچىكى)

بۇرۇنقى زاماندا دۆلەتمەن ۋە مەرتىۋىلىك بىر گراف ئۆتكەنىكەن. ئۇ تولىمۇ ئۆكتەم بولۇپ، خالىغىنىنى قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاتلىق سىرتلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ. دېھقاننىڭ ئۆيى ناھايىتى كەڭ ـ كۇشادە، كۆركەم ـ چىرايلىق بولغاچقا گرافنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ قورۇ ـ جايغا كۆز يۈگۈرتۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، دېھقان ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىكەن. گراف دېھقانغا دوستانە قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئاتتىن چۈشۈپ:

—بۇرادەر، نۇرغۇن ئالتۇن بەرسەم، قورۇ ـ جايىڭنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭ، —دەپتۇ، دېھقان ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

—ئالىيلىرى خاپا بولمىسىلا، بۇ قورۇ ـ جاينى ساتمايمەن. بۇ ئاتا بوۋىلىرىمىز ياشىغان جاي، مەنمۇ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى بۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچىمەن، سىلى ھەرگىز رەنجىمىسىلە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. گراف بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

—ساڭا ئويلىنىشقا ئەتىگىچە مۆھلەت بېرەي، ئوبدان ئويلىنىپ باق، —دەپتۇ ـ دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.

گراف ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتلىق كېلىپ ئاتتىن چۈشمەيلا:

—قانداق، بىر قارارغا كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقاننى قىستاپ.

—قارارىم تۈنۈگۈنكى بىلەن ئوخشاش ئالىيلىرى، مەن ئۆز قورۇ ـ جايىمدا ئولتۇرىمەن، بۇ سودىنى قىلالمايمەن، — دەپتۇ دېھقان جاۋابەن. دېھقاننىڭ گەپلىرىگە ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن گراف:

—سەندىن يەنە بىر سوراي، قورۇ ـ جايىڭنى زادى ساتامسەن ـ ساتمامسەن؟ ئاڭلا، ساتساڭمۇ، ساتمىساڭمۇ مەن ئۇنى ئالالايمەن، —دەپتۇ.

—يەنىلا بىر ئېغىز گەپ، ساتمايمەن، —دەپتۇ دېھقان بېشىنى چايقاپ. بۇنى ئاڭلىغان گراف ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر ئادۋوكاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا دېھقاننىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئالتۇن پارە بېرىپتۇ. گرافنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپسا پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغانلىقى سوتچىلارغا ئايان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى گراف تەرەپتە تۇرۇپ، دېھقاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە لەۋز قىلىشىپتۇ. ئۇلار خىزمەتچىلىرىگە دېھقاننى چاقىرتقۇزۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆيىنى زادى ساتىدىغان ـ ساتمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. دېھقان كەسكىن ھالدا «ساتمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سوتچىلار شۇ يەردىلا دېھقاننىڭ ئۈستىدىن يازغان ئەيىبنامىنى ئوقۇپتۇ ۋە قورۇ ـ جاينى ساتمىسا گراف بىلەن شەرتسىز دەۋاغا چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. دېھقان سەمىمىي، ياۋاش بولغاچقا كىشىلەردىن

يادەم تەلەپ قىلمايسكەن. شۇڭا ئۇ گراف بىلەن دەۋاغا چۈشۈشكە قوشۇلۇپتۇ.

گراف ھىيلىگەر ئادۋوكاتنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەمما دېھقان پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا بىر مەيدان دەۋا - دەستۇر باشلىنىپتۇ. دېھقان شەھەرلىكلەر تەرىپىدىن ئالدىنىپ قاقتى - سوقتى قىلىنغاچقا گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر سوتچى خوجاملار تولىمۇ ئادالەتسىز بىر ھۆكۈم چىقىرىپ، دېھقاننى قورۇ - جايىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىپتۇ، بۇ چاغدا دېھقاننىڭ يېنىدا پەقەت يۈز تىللا قالغانىكەن. ئاخىرىدا ئۇ سوتچىلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ:

— ئەگەر دۇنيادا ئادالەت بولىدىغانلا بولسا، ئەرشتىكى سوتچىلار كېلىپ سىلەر بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشىدۇ، — دەپتۇ. سوتچىلار دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى:

— ھەي ئەخمەق، ئادالەت ئالىبۇرۇن ئۆلگەن، ئۇ ئەمدى ساڭا يار يۆلەك بولالمايدۇ، — دەپتۇ.

دېھقان ئۇندىمەستىن سوتتىن يېنىپ چىققان پېتى ئۇدۇل كونا تونۇشى - ئادالەتپەرۋەر پوپنىڭ يېنىغا كەپتۇ. پوپ دېھقاننى قىزغىن قارشى ئېلىپ:

— ياخشىمۇسەن، قەدىرلىكىم خېنىس! سېنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، — دەپتۇ دېھقان جاۋاب بېرىپ، — كۆڭلۈمنى ئىنتايىن غەش قىلىدىغان بىر ئىش بىلەن كېلىشتىم.

— دېھقان ئىشنىڭ جەريانىنى پوپقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ:

— يېنىمدا يۈز تىللا بار، ئۇنى سىلىگە بېرەي، بۇ پۇل مېنىڭ ئۆلگەن ئادالەتنىڭ روھى ئۈچۈن چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقىنى چېلىشلىرىغا يېتىدۇ. سىلى بۇ پۇلنى ئېلىپ ئادالەتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاپ چاپسان قوڭغۇراق چالسىلا، چۈنكى ئۇ ئۆلۈپتۇ، كۆمۈلىشىنىڭ يېتىشچە ئۇزۇنراق چالسىلا، — دەپتۇ.

پوپ پۇلنى ئېلىپ مۇخلىسلىرى بىلەن چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى ئېسىلغان راۋاققا چىقىپ، قوڭغۇراقنى ئىلگىرىكى كۈنلەردىن ئۇزۇن چېلىپتۇ.

چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى ئەتراپقا ياڭراپتۇ، كىشىلەر كىم تۈگىگەندۇ، كىم ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن چېلىنىدىغاندۇ؟ دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. ئەمما نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. كىشىلەر بارغانسېرى ھەيران بولۇشۇپتۇ، پادىشاھمۇ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئەمما ئېنىق خەۋەر ئالالماپتۇ، پادىشاھ بۇ ئىشنى سوراپ كېلىشكە پوپنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پوپ «ھەققانىيەت ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ ئەۋەتكەن كىشى بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ پوپنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ ئەكېلىپ:

— سېنى ئۆلگەن ئادالەت ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن قوڭغۇراق چالدۇرغان زادى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. پوپ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇ تامچى خېنىس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ خېنىسنى چاقىرىپ نېمىشقا چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقىنى چالغۇزغانلىقىنى سوراپتۇ. خېنىس گرافنىڭ ئۆزىنى ئۆي ماكانىدىن ئايرىلىشقا قانداق مەجبۇرلىغانلىقىنى ھەمدە ئادالەت ئۆلگەچكە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ سوتچىلارنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ دەرھال دېھقاننىڭ قورۇ - جايىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە مۇتتەھەم گرافنى، قۇۋ - كاززاپ ئادۋوكاتنى ۋە پارىخور سوتچىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ.

مۇرات ئىسمايىل تەرجىمىسى

مۇھەررىرى خورسىنئاي مەمتىمىن

# تەبىرنامە

مەزكۇر قولىيازما 2001 ـ يىلى يەكەن كونا شەھەردىكى بىر كىتابپۇرۇشتىن سېتىۋېلىنغان. كىتابنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق، جەمئىي 59 باب، 147 ۋاراق يەنى 294 بەتلىك بولۇپ، خوتەن قەغەزىگە چىرايلىق، رەتلىك كۆچۈرۈلگەن. ماۋزۇلار، مۇھىم نۇقتىلار قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. مۇقاۋىسى نەپىس ئىشلەنگەن. بۇ كىتاب ئەسلى مۇھەممەد ئىبنى شىرىن تەرىپىدىن پارس تىلى بىلەن يېزىلغان. ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيسى بولغان مۇھەممەد رازى تەرىپىدىن پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان. بۇ قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈپ چىققۇچى كاتىپ تەرىپىدىن پارس ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن نەزم ۋە نەسر ئارىلاش تۆۋەندىكى بايانلارنى ئىلاۋە قىلغان

«ھىجرىيىنىڭ 1267 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 1851 ـ 1850 ـ يىللىرى) توشقان يىلى، رەبىيەل ئېيىنىڭ 3 ـ كۈنى يەنى ئازنا كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا بۇ كىتابنى تامام قىلدىم». بۇ كىتابنى مۇھەممەد سىدىقئاخۇن پۈتۈپ تامام قىلغان.

— تەييارلىغۇچىدىن

چۈشنىڭ ئەسلى نېمە؟ كىشىنىڭ چۈشىگە قانداق تەبىر ئېيتىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەمنىڭ چۈشنىڭ پەسلىنى بىلمەك كېرەك. چۈشنىڭ ۋاقتىنى ۋە تەبىرىنى بىلمەك كېرەك...

چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى ئېيتقۇچى ھەزرەت يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدۇر. كىشى چۈش كۆرسە چۈشنى كۆڭلىدە ساقلىغاي ۋە ئۇنىڭ تەبىرىدىن بەھر ئالغاي. ئەگەر ياخشى چۈش بولسا، خۇدايىتائالاغا شۈكۈر قىلغاي، ئەگەر يامان چۈش بولسا ھەزەر قىلغاي. ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام ئېيتىپتۇرلار كىم: «پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە ئۈلۈشىنىڭ بىر ئۈلۈشى چۈشتۇر». ھەزرىتى رەسۇلۇللا ئەلەيھى ۋەسسالام قانداق نەرسىنى خالىسا، ئۇنى چۈشىدە كۆرەر ئىدى. ئاندىن كېيىن ۋەھيي كېلەر ئىدى.

شۇنى بىلىش كېرەككى، چۈش ئۈچ قىسىم بولۇر:

بىرىنچى، مۇيەسسەر بولىدىغان چۈش.

ئىككىنچى، ھەزەر ئەيلەيدىغان چۈش.

ئۈچىنچى، ئىلھام تۈيغۇ بېرىدىغان چۈش.

بىر نەرسىگە مۇيەسسەر بولۇش چۈشىدىن بېشارەت بولۇر. بۇنداق چۈشنى كۆرگەندە خۇدايىتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتماق ۋە سەدىقە بەرمەك ۋاجىب.

كىشى چۈشىدە ھەزەر قىلىش كېرەك بولغان نەرسىلەرنى كۆرسە، ھەزەر قىلماق كېرەك. ئىلھام بېرىدىغان چۈشنى كۆرگەندە، تائەت قىلماق ۋە گۇناھىغا تەۋبە قىلماق زۆرۈر. يالغان چۈشمۇ ئۈچ خىل بولۇر. ئۇلار:

مۇيەسسەر بولىدىغان چۈش، شەيتان چۈش، قالايمىقان چۈش: مۇيەسسەر بولىدىغان چۈش. مۇيەسسەر بولىدىغان چۈش ھەر خىل ۋەقەلەرنى ئادەمگە چۈشىدە كۆرسىتەر. شەيتان چۈش: ياتار ۋاقتىدا ھەر خىل نەرسىلەرنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇخلىغاندا كۆرىدىغان چۈشتۇر.

قالايمىقان چۈش: بۇ چۈشنى شەيتان كۆرسىتەر. بۇ خىل چۈشنىڭ ئەسلى يوق.

بۇ كىتاب 59 باب بىلەن تاماملانغان، يەنى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇلۇغلارنىڭ ھۆكۈملىرى بايان تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن. تەبىر ئېيتقۇچىلار ئەقىل ھوشى بىلەن سۆزنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغاي. چۈش سورىغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سورىغاي، چۈش كۆرگەن ۋاقىت ۋە پەسلىنى ۋاقتىدا چۈش كۆرۈپتۇمۇ ياكى ياز ۋاقتىدا چۈش كۆرۈپتىمۇ؟ بىلگەي. چۈشنىڭ تەبىرىنى راست ئېيتقاي.

## تەبىرلەر

كېسەل كىشى كېسەل بولۇپ چۈش كۆرسە، شىپا تاپقاي، كىشى قۇدۇقتا چۈشۈپ چۈش كۆرسە مەكارنىڭ

قولىغا چۈشكەي. كىشى خوراز تۇتۇپ چۈش كۆرسە خۇدايىتائالا ئوغۇل پەرزەنت يۈزىنى كۆرسەتكەي. كىشى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرسە دۈشمىنى ئۈستىدىن زەپەر قوچقاي. چۈشىدە زەنجىر كۆرسە كۈچلۈك بولغاي ئەگەر كىشى ئۆزىنى ياساپ چۈش كۆرسە غەزەپكە قالغاي. كىشى چۈشىدە ئوتۇن ئۈشتىسا جاسۇس ۋە يالغان سۆزدىن بىشارەت بېرەر. ئەگەر كىشىگە ئىت ھۈرۈپ چۈش كۆرسە دۈشمەن بىلەن غوۋغا قىلىشتۇر.

كىشى ئۆزىنىڭ قويىنى ياكى قوينىڭ قۇيرۇقىنى كۆرۈپ چۈش كۆرسە ھاجىتى راۋا بولغاي.

كىشىنىڭ قولىدىن ياكى ئالدىدىن قۇشلار ئۇچۇپ چۈش كۆرسە، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىدىن نائۇمىد قالغاي. ئالدىغا بۆرە كېلىپ چۈش كۆرسە مەككارنىڭ قولىغا چۈشكەي، توۋا قىلغاي.

كىشى چۈشىدە دەرەخنىڭ ئۇچىغا ياكى ئۆگزىگە چىقسا ياكى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا قاغا كۆرسە غەم قايغۇغا قالۇر. ئەگەر چۈش كۆرگۈچى غەمسىز كىشى بولسا بۇ ياخشىدۇر. كىشى چۈشىدە قاغىنىڭ دەرەخ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى ياكى يەرگە چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرسە «دوستلىرىنى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاتا ئانىسىنى كۆرەر».

كىشى ئوينايدىغان نەرسىلەرنى، خۇشخۇي ئادەمنى، ياخشى سۈرەتلىك نەرسىنى چۈشىسە، ھەممە مەقسەت ـ مۇددىئاسى ھاسىل بولۇر. ناۋادا يامان سۈرەتلىك نەرسە بولسا غەم غۇسسىدا قالار، مۇرادى ھاسىل بولماس. ئەگەر جانىۋارلار ئالدىدىن ئۇچۇپ چۈشىسە ساھىبجامال ئوغۇل ۋۇجۇدقا كېلۇر. ياكى خۇشخۇي كېنىزەك ئالۇر.

كىشى توڭگۇز چۈشىسە مەقسەت ـ مۇرادى ناچار نەرسىلەردىن ھاسىل بولۇر. ئەگەر چۈشىدە ئارقا تەرىپىدىن شىر كېلىپ چۈشىسە پادىشاھتىن ياخشىلىق كۆرمەس.

كىشى بىتاقەتلىك بولۇپ چۈشىسە پۇشايمان قىلۇر. كىشى خوتۇنىنى تالاق قىلىپ چۈشىسە قىلىدىغان تىجارىتىگە زىيان يېتەر. تىجارىتىگە زىيان يېتىپ چۈشىسە خوتۇنىنى تالاق قىلۇر. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ چۈشىسە ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەي.

ئاي، ئاپتاپ، يۇلتۇزنى چۈشىسە، كۆرگىنى يۇلتۇز بولسا ھەركىم ۋە مۇنەججىم بولۇر، ئاپتاپ بولسا ئۇلۇغ پادىشاھنى كۆرەر، ئاپتاپنى كۆرسە ۋەزىر، خەلىپە ياكى قازىنى كۆرۈر. ياخشى مەزلۇم بولۇر. خەلقى ئۇلۇغ بولۇر. دېھقانلار، ۋەزىرلەر شاد بولۇر ۋە نېمەتكە دالالەت قىلۇر. تېۋىپ، مۇنەججىم ۋە مەكتەپ باشقۇرغۇچى، كاتىپ ۋە شائىر بولۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ھاكىمنىڭ بىر بىمار ئەمرى بولۇپ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان بولسىمۇ كېسىلى شىپا تاپمىدى. بىر كۈنى بۇ ئەمىر چۈشىدە خورمىنىڭ بەرگىنى ئاغزىڭغا سالساڭ، شىپا تاپىسەن دېگەن، نىدانى ئاڭلىدى. ئەمىر ئۇيقۇدىن ئويغاندى، خورمىنىڭ بەرگىنى ئاغزىغا سېلىپ يېدى، كېسىلى شىپا تاپتى. ساق كىشى يۇقىرىغا ئوخشاش سۆزنى ئاڭلىسا بىمار بولۇر. كېسەل كىشى يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرسە شىپا تاپار. قولىغا ھالالدىن مال دۇنيا كىرەر.

ئەگەر كىشى چۈشىدە ئىككى پىچاق ياكى ئىككى ئۈستىرا ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسە تېپىۋالسا، ئۇنى خالايىقتىن يوشۇرۇنغان بولسا مال تاپار. ئەگەر ئۇ نەرسىنى خالايىق كۆرگەن بولسا زىيان يېتەر. ھېكايەتتە قىلىنىشىچە، ھارون ئەلرەشىد رەھمەتۇللا ئەلەيھە ئەزرائىلدىن:

— ماڭا ئەجەل قاچان يېتەر؟ — دېدى. ھەزرىتى ئەزرائىل بەش نەرسىنى كۆرسەتتى. ھارون تەبىر ئېيتقۇچىلاردىن بۇنىڭ تەبىرىنى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر: سىزگە بەش كۈندە ئەجەل يېتىدۇ، دېدى. يەنە بەزىلەر:

— بەش ئايدا، بەش يىلدا ئەجەل يېتىدۇ، — دېدى شەيخ مۇھەممەد شىرىن:

— بۇ تەبىر ئەمەستۇر. بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئاللاتائالادىن ئۆزگە كىشى بىلمەس. سان بىلەن باغلىق بولغان نەرسىنى چۈشىدە قانچە كۆپ كۆرسە مال ـ دۇنيا تاپار، — دېدى (داۋامى بار)

تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# كۆڭۈلدە كۆز بولسۇن

تاغنىڭ باغرىدا بىر بۇتخانا، بۇتخانىنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ قېرى ئەنجۈر دەرىخى بار ئىكەن. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر راھىب ھويلا ئارامنى سۈپۈرۈۋېتىپ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىگە غازاڭلارنىڭ يىغىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئىختىيارسىز ھەسرەتلىنىپتۇ. ھەسرەت ـ نادامەتتە چېكىگە يەتكەندە سۈپۈرگىسىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇستازىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

ئۇستازى ئىشىكنى ئېچىپ شاگىرتىنىڭ چىرايى تۈتۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇپۇل ـ توپۇللا:

— قاق سەھەردە نېمىدىن مۇنداق قايغۇرۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. راھىب مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇستام، سىز كىچە ـ كۈندۈز بىزگە ئۆز ئۆزىدىن كامالەت تېپىپ، تەرىقەت يولىنى چۈشىنىۋېلىشنى نەسىھەت قىلىسىز، ئەمما مەن ھەرقانچە ياخشى ئۆگەنسەممۇ، ئادەمنىڭ هامان ئۆلىدىغان بىر كۈنى بولىدىكەن. شۇ چاغقا بارغاندا، تاش تۈپىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىكەنمىز غۇ؟

ياشانغان راھىب بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياش راھىبقا قېرى ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىگىن. ئەڭ قاتتىق ياغقان قار باھاردىكى چېچەككە، يازدىكى يوپۇرماققا ئايلىنىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن ئەجەب كۆرمىدىمغۇ؟

— مۇنداق بولۇشى سېنىڭ كۆڭلۈڭدە كۆز يوق، شۇڭا چېچەكنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرمەيسەن.

غازاڭنىڭ تۈكۈلۈۋاتقىنىغا قاراپ چېچەكنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىغا ئىنتىلىش ئۈچۈن ئەبەدىي شەيدالىق، جۇشقۇن، ئۈمىدۋار قەلب كېرەك. مېنىڭچە، كۆڭۈلدە كۆز بولسىلا، ھەممىلا يەردە گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن يول تېپىلىدۇ.

# ئورنىدىن تۇرۇش

بىر ئاتا ئۆزىنىڭ بالىسىدىن بەك قايغۇرىدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلى ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئازراق ئەرلىك جاسارىتىنىگە ئىگە ئەمەسكەن. شۇڭا ئاتىسى بىر موناخنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بالىسىنى تەربىيىلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. موناخ:

— بالىڭىزنى قويۇپ كېتىڭ، ئۈچ ئايدىن كېيىن چوقۇم ئۇنى ھەقىقىي ئەركەك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن. ئەمما ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇنى كۆرگىلى كەلسىڭىز بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئاتىسى بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاتىسى بالىسىنى ئالغىلى كەپتۇ. موناخ ئۈچ ئايلىق تەلىم ـ تەربىيە نەتىجىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، بالىنى بىر چېلىش تەربىيىچىسى بىلەن مۇسابىقىگە سېپتۇ.

تەربىيىچى شۇنداق قول سېلىشى بىلەنلا، بالا گۈپپىدە يىقىلىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ داۋاملىق ئېلىشىپتۇ، بۇ ئىش مۇشۇ تەرىقىدە ئون ئالتە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ.

موناخ بالىنىڭ ئاتىسىدىن:

— سىزنىڭچە بالىڭىز ئەرلىك جاسارىتىنى ئىپادىلىيەلىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاتىسى:

— مەن ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولدۇم، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۈچ ئاي تەربىيىلىنىپ مۇنچىۋالا تاياققا پايلىمايدىغانلىقى ۋە بىر زەربە بىلەنلا يىقىلىدىغانلىقىنى ئويلىمايتىكەنمەن، — دەپتۇ.

موناخ:

— مەن سىزنىڭ يۈزەكى يېڭىش ـ يېڭىلىشنىلا كۆرگەنلىكىڭىزدىن ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم، سىز ئوغلىڭىزنىڭ يىقىلىپ چۈشۈپ يەنە دەرھال ئورنىدىن تۇرغان چاغدىكى غەيرىتى ۋە ئىرادىسىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ مانا بۇ ھەقىقىي ئەرلىك جاسارىتى، — دەپتۇ.

غۇپۇر قادىر تەرجىمىسى

# نەپسى يامان ھېيتتا ئۆلەر

مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم:

پاخوم دېيىلىدىغان بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇ باشقىرتلاردىن يەر سېتىۋالماقچى بوپتۇ. باشقىرتلارنىڭ سەردارى ئۇنىڭغا:

— بىز يەر ساتساق مولاپ ساتمايمىز، بەلكى كۈنلەپ ساتىمىز، سەن مۇشۇ بىر كۈندە قانچىلىك يەرنى ئايلىنىپ چىقالىساڭ، ئۇ يەر سېنىڭ بولىدۇ، ئەمما كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى قوزغالغان جايىڭغا قايتىپ كېلەلمىسەڭ، ھېچقانداق يەرگە ئېرىشەلمەيسەن، — دەپتۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگىنى پاخوم بىر ئېگىزلىكتىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا ھەربىر پارچە يەر ناھايىتى ياخشى بىلىنىپتۇ. ئۇ باشلىنىش نۇقتىسى كۆرۈنمىگەن چاغدىلا ئاندىن بۇرۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا چۈش بولۇپ قېلىپ ھاۋا ئىسسىغلى تۇرۇپتۇ، يەنە ئۇ چارچاپ ئۇيۇقۇسىراشقا باشلاپتۇ، ئەمما ئۇ تىنىماي مېڭىپ، چىشىنى چىشلەپ مەنزىلگە قايتىپ بېرىۋالساملا، ئۆمۈر بويى راھەت كۆرىمەن، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ، يەنە تۇرغۇن يول يۈرۈپ كۈنگە قارىسا، چۈشتىن كېيىن بولۇپ قالغان چاغ ئىكەن. ئۇ، بولمىدى، ئەمدى ئۇدۇل قايتىپ كېتەي، مۇشۇنچىلىك يەر ئالاي، يېرىم خېلىلا كۆپىيىپ قالدى، دەپ ئويلاپ يەرگە بەلگە سېلىپ قويۇپ، ئۇدۇل قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، لېكىن قوزغالغان نۇقتىسى ناھايىتى يىراقتا قالغاچقا، يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ.

پاخوم ئۆزىنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قورقۇشقا باشلاپتۇ، ئەمما توختاپ قېلىشىنىمۇ خالىماپتۇ. ئۇ، مەن شۇنچە كۆپ ئارىلىقنى بېسىپ بولدۇم، ئەمدى توختاپ قالسام خەقلەر مېنى جەزمەن ساراڭ ئىكەن — دەيدۇ، دەپ يۈگۈرمە— يۈگۈرە بارا— بارا مەنزىلگە يېقىنلىشىپتۇ، ئۇ باشقىرتلارنىڭ ئۇزىگە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

بۇ قۇياش ئۇپۇققا پېتىۋاتقان چاغ ئىكەن. ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تىرىشىپ تىرمىشىپ ئاخىر ئېگىزلىككە چىقىۋاپتۇ. بىراق يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

كىشىلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ قان قۇسۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

باشقىرتلار پاخومغا گۆردىن بىرنى كولاپ ئۇنى يەرلىكىدە قويۇپتۇ.

ئادەمنىڭ نەپسى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان ئارىلىقتىن ئەبەدىلئەبەد ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ.

ئادەمگە ئابرۇي، مەنپەئەت دېگەن باقىي ئەمەس، بىز تىرىشچانلىق بىلەن بايلىق يارىتىپ ئۆزىمىز ئېنىگە بولغان ياكى كەلگۈسىدە ئىگە بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە يۈزلەنسەكلا، بىر ئادەمنى ناھايىتى كۆپ نەرسىمۇ، ناھايىتى ئاز نەرسىمۇ ئوخشاشلا رازى قىلالايدۇ.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# تەيلور ۋە فرازېر

ئەسەت سۇلايمان

## ئېدۋارد بۇرنېت تەيلور

(1917 ـ 1832)

تەيلور ئەنگلىيىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئىنسانشۇناسى، فولكلور ۋە ئېتنوگرافىيە ئالىمى. غەرب ئىلىم ساھەسى ئۇنىڭغا «ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى» دەپ نام بەرگەن. ئۇ 1832 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بىر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئامېرىكىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللارغا قاتتىق قىزىقىدۇ ۋە زور كۈچ بىلەن توپلايدۇ 1865 ـ يىلىغا كەلگەندە «ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ 1871 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت » ناملىق مەشھۇر ئەسىرىگە ئاساس بولىدۇ. ئۇ غەرب ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» كە ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىگە ئائىت تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد، ئەپسانە، سەنئەت، ئەخلاق، قانۇن قاتارلىق ئىنتايىن مول بىلىملەرنى كىرگۈزدى ۋە تارىختا تۇنجى بولۇپ، مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا ئىلمىي ۋە مۇكەممەل تەبىر بەردى. شۇنىڭدىن 120 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلىم ساھەسى يەنىلا تەيلورنىڭ مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھەققىدىكى تەبىرىنى قوللانماقتا. 1881 ـ يىلى تەيلور ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «ئىنسانشۇناسلىق» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ تولۇقلىمىسى ئىدى.

تەيلورنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىش، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا لېكسىيە سۆزلەش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ زور تەسىر قوزغىدى ۋە تەيلورغا ئالەمشۇمۇل شان ـ شۆھرەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. 1880 ـ يىلى ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مىللەتشۇناسلىق مۇزېيى قۇرۇلدى. تەيلور بۇ مۇزېينىڭ تۇنجى باشلىقى بولدى. 1896 ـ يىلى تەيلورنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنسانشۇناسلىق كافېدراسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تەيلور ئەنگلىيىنىڭ تۇنجى ئىنسانشۇناسلىق پروفېسسورى بولۇپ قالدى. 1912 ـ يىلى تەيلور كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1917 ـ يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولدى.

تەيلور دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدىكى ئۇلۇغ ئالىم. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ئىنسانشۇناسى ئا. ل. كروبېر تەيلورغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «تەيلور دېگەن بۇ ئىسىم ئىنسانشۇناسلىق تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ نام بولۇپ قالدى. بىز ئۇنى بۈگۈنگىچە بولغان ئەڭ بۈيۈك شەخس دېيىشكە ھەقلىقمىز...»

# جامېس گېئورگې فرازېر

(1941 - 1854)

فرازېر 1854 يىلى ئەنگلىيىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى گراسگ بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. 1869 - يىلى گراسگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان، 1874 - يىلى كامبرىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەن. ئۇ بۇ جەرياندا تەيلورنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان ۋە ئېتنوگرافىيىگە ئىشتىياق باغلىغان. فرازىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كامبرىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تەتقىقات ئورنىدا ئادەتتىكى تەتقىقاتچى خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1907 - يىلى لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە كامبرىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ، بۇ يەردە ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلىدۇ ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

فرازېرنىڭ ئېتنوگرافىيىگە بېغىشلانغان تەتقىقات نەتىجىلىرى 1880 - يىللاردىن باشلاپ يورۇقلۇققا چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «توتېم تۈزۈمى» (1887)، «توتېم تۈزۈمى ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش» (1910)، «ئالتۇن شاخ» (1890)، «مەڭگۈلۈك ئېتىقاد ۋە ئۆلگۈچىگە چېۋىنىش» (1913 - 1924)، «كونا ئىنجىل دىكى ئۆرپ - ئادەتلەر» (1918 - 1919)، «تەبىئەتكە چوقۇنۇش» (1926)، «ئوتنىڭ كېلىپ چىقىش ئەپسانىسى» (1930) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

فرازېرنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرى ئۇنى ئىلگىرى ئېرىشىپ باقمىغان شان - شۆھرەتكە ئېرىشتۈردى. بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغاندا، ئەنگلىيە ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ياۋروپادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. 1890 - يىلىدىن 1922 - يىلىغىچە يالغۇز ئەنگلىيىدىلا تۆت قېتىم نەشر قىلىندى. ئاپتور ئەسەردە دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنلارغا باغلىنىدىغان ئېتىقاد شەكىللىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قائىدە - مۇراسىملىرى، پەرھىز (تابۇلىرى) ۋە توتېم ئېتىقادلىرى قاتارلىق ئەمەلىي فولكلور مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەرگەن ۋە قامۇس شەكلىگە كىرگۈزگەن.

فرازېر 1914 - يىلى كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1920 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەنگلىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. ئۇ يەنە ياۋروپادىكى بىرقانچىلىغان ئاكادېمىيە ۋە داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى ۋە پروفېسسورى بولغان. فرازېرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان ئانگېس دانني ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىپ: «كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى خىزمەتلىرىمىزگە باھا بەرمەكچى بولسا، فرازېرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى ۋاراقلاپ كۆرسىلا كۇپايە قىلىدۇ ...» دەيدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئالىم 1941 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى





# ماناس *

(قىرغىز خەلق ئېپوسى)



## ماناسنىڭ ئابغانغا يۈرۈش قىلىشى، جىناچانىڭ مەغلۇپ بولۇشى

يىل بويى قار كەتمەيدىغان كېۋەزتاغنىڭ ئابغانچە نامى پامىرتاغ بولۇپ، ئۇ يەردە قىرغىزلارنىڭ قىپچاق قەبىلىسى ياشايتتى. غەرب تەرىپىدىكى بەدەخشان تېغىنى ماكان تۇتقان ئۇۋان ئېلىنى جىناچا ئىسىملىك باتۇر باشقۇراتتى.

ئەنە شۇ جىناچا ماناسنى يوقىتىپ، قىرغىزلارنى قاقشىتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، قوڭۇرباي ئۇنىڭغا يەل بېرىپ:

—قاڭغاينىڭ تېغى ئايلىنىپ ئامالايغا تۇتۇشىدۇ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە سەن، بىر تەرىپىدە مەن تۇرىمەن. ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېلىگە ماناس ھۆكۈمرانلىق قىلىدى. ئىككىمىزگە نىسبەتەن بۇ بىر خورلۇق. بۇ ئىش ئىقلىمغا يېپىلسا نومۇس، ئىككىمىزنىڭ ماناستىن قالغۇچىلىكىمىز يوق. سەن بىر تەرىپىڭدىكى باغىشنىڭ جىدىگەر ئېلىنى ئەخمەق قىلغاچ تۇر، قاپالدىكى قازاقلارنى مەن تالاي. ئۇنداق قىلمىساق، بۆرۈتلار قۇتراپ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان قالماقلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە توقسان ئۇرۇق تۈرك ئىتتىپاقلىشىۋالسا، كۈچىمىز يەتمەي قالىدۇ، — دېدى.

ئەقلى ئانچە ئىشلەپ كەتمىگەن جىناچا تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ قىبادىكى خەلقنى كۆپ قېتىم قىرغىن قىلدى. ئۇلارنىڭ ساق قالغانلىرى سەرسان بولۇپ ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى. ماناس باتۇر داد ئېيتىپ كەلگەن قىبالىقلارغا قورۇسىدىن مال بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، پەسەنت قىلماي ياتتى. شۇ چاغدا جىناچا ئۆزگەنچىتىكى ئاقۇنخاندىن ئايلاپ ئالۋان ئېلىپ، قوروسونىنىڭ چېتىدىكى جىگەرنىڭ ئېلىنى تالان - تاراج قىلىپ، مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى باغىش باتۇرنىڭ قېرى ۋەزىرى ئېلىپ كەلدى.

ماناس باتۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۇزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورىلىرىنى تەق قىلىپ، لەشكەر باشلاپ تاجىك، جۇدا، قاراقالپاق، قالچا قاتارلىق ئەللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، قويتۇنۇت دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. قاراۋۇللار تۆت يۈز سەكسەن كىشى كەلدى، —دەپ جىناچىغا مەلۇم قىلدى. ماناسقا تېگىش قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا جىناچا «ماناس مېنى ئاۋارە قىلماي، ئالدىمغا ئۆزى كەپتۇ» دەپ خۇشال بولدى.

جىناچا يۈز ئەللىك مىڭ لەشكەر توپلاپ، ئاپى، ساپى دېگەن سېھىرگەرلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، يامغۇر، مۆلدۈر، قار ياغدۇرۇپ قىرغىزلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. ماناس بۇنىڭغا قارشى چېپى بىلەن مىيتىق دېگەن سېھىرگەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ،

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

ئۇلارنىڭ قار ـ يامغۇرلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋېتتى ۋە ھاۋا ئوڭشالدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ قارىمۇقارشى كېلىپ تۇردى. ماناسنىڭ ئالتۇن قىزىل تۇغىنى باقاي كۆتۈرۈۋالدى. ئابغان تەرەپتىن ئاغزى ئۆڭكۈردەك ئېچىلغان ئاڭقاتاي دېگەن باتۇرى مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭغا قارشى چوۋاق باتۇر باقاينىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاتلىنىپ چىقتى. ئىككىسى نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ چوۋاق باتۇر ئاڭقاتاينىڭ سانجىغان نەيزىسىنى قېقىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە سانجىپ ئۆلتۈردى. ئالغانلىقلاردىن قامىتقان دېگەن باتۇر چىقىپ چوۋاققا نەيزە سانجىپ يىقىتتى، شۇ ئەسنادا تەل قىزىل ئېتىنى چاپتۇرۇپ سىرغاق باتۇر يېتىپ كېلىپ، چوۋاقنى قۇتقۇزۇپ قايتماقچى بولغاندا، ئابغان بورقوش دېگەن باتۇرى ئېتىلىپ چىقىپ سىرغاققا نەيزە سانجىدى. سىرغاق ئۇنىڭ نەيزىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. شۇ ئارىلىقتا چوۋاق باتۇرمۇ قامىتقانغا نەيزە سانجىپ، بېشىنى پالتا بىلەن كېسىۋەتتى.

ئۈچ باتۇردىن ئايرىلغان جىناچا دەرغەزەپكە كېلىپ، يۈز ئەللىك مىڭ لەشكىرىنى ھۇجۇم باشلاشقا بۇيرۇپ، تور تاشلاپ قىرغىزلارنى تۇتماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ نىيىتىنى سېزىۋالغان ئالمانبەت قىرغىزلىق باشلىق ئون كىشىگە باقاينى قوغدىتىپ، ئوتتۇز باتۇرغا ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ساقلىتىپ، چيپى، مىيىتىق، چۆندۆكۈ، قىلجىر، كۈرۈڭكۈ قاتارلىق بەش سېپەرگەرگە قارشى تەرەپنىڭ سېھىرگەرلىرىگە ئاگاھ بولۇشنى تاپشۇردى.

چوۋاق، سىرغاق، ئالمانبەت، ماناس قاتارلىق تۆت باتۇر ئالغانلىق بىلەن ئېلىشتى. جىناچا ھەربىر باتۇرغا ئون مىڭ ئادىمىنى تور تاشلاتتى. ئابغانلىقلار پىللىرىنى ئىشقا سېلىپ، سىرغاقنى توققۇز قەۋەت تۆمۈر تور تاشلاپ تۇتۇۋالغاندا، ئالمانبەت كېلىپ جۇرۇندۇ بەرگەن ئاق شەمشەر بىلەن تورنى سوۆرەپ ماڭغان پىلنى چېپىپ تاشلاپ سىرغاقنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدى. چوۋاق پىل بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، پىلنىڭ تۇمشۇقىدىن تۇتۇپ تارتىشىۋاتقاندا، ئۆزىمۇ بىلمەي بەش قەۋەت تورغا چۈشۈپ قالدى. ماناس باتۇر بۇنى كۆرۈپ دەرھال يېتىپ كېلىپ چوۋاقنى قۇتقۇلدۇردى. تۆت باتۇر باش قوشۇپ باقايدىن خەۋەر ئالغىلى باردى.

ئابغانلىقنىڭ ئوتتۇزمىڭ ئادىمى قىرغىزلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوق دورىلىرىنى بۇلىماقچى بولدى. كۆرۈڭكۈ شامال چىقىرىپ ئۇلارنى ئۇچۇردى، ئابغانلىقنىڭ ئاپى دېگەن سېھىرگىرى بۇنىڭغا قارشى يامغۇر ياغدۇرغانىدى، قاۋلاننىڭ سېھىرگىرى چۆندۆكۈ ئۇنى تاشقا ئايلاندۇردى. ئابغانلىقنىڭ ناپسى دېگەن سېھىرگىرى ئوت پۈركۈپ ئوزۇق تۈلۈك بارگاھ، ماللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا قىرغىزنىڭ قىلچىر دېگەن سېھىرگىرى دەھشەتلىك بوران چىقىرىپ ئوتنى ئابغانلىقلارنىڭ ئۆزىگە تۇتاشتۇردى. ئابغانلىقنىڭ تايتالاڭ دېگەن سېھىرگىرى تۆگە مايىقىدەك مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، كەينىدىن تاش ياغدۇرغانىدى، قىرغىزنىڭ مېيىتىق دېگەن سېھىرگىرى توپىغا ئەپسۇن ئوقۇپ، تايتالاڭنى تال چىۋىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. تالنى قىيغىلى كەلگەن ئىككى بالىنى ئابغانلىقلارنىڭ ئۆتكۈر دېگەن سېھىرگىرى ئۆردەككە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى شۇڭقارغا ئايلاندى. شۇ ئەسنادا چيپى بۆركۈت بولۇپ يېتىپ كەلدى. ئابغانلىقلار ھەممە سېھىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يەردىن سۇ چىقىرىپ، تاغلاردىن تاش غۇلاتتى. قىرغىز سېھىرگەرلىرى كۈرۈڭكۈ، چۆندۆكۈ، مىيىتىق قاتارلىق ئۇچەيلەن يەرنى ئاغدۇرۇپ، تاشلارنى ئابغانلىقلارغا قارىتىپ دومىلاتتى. ئابغانلىقلار يېڭىلىپ بولۇپ ئېتىلغاندا، قىلبىر دېگەن سېھىرگەر تۆت يۈز قىرغىزنى يولۋاسقا ئايلاندۇردى. ئۇلار يېڭىلمەس بولۇپ تۇرالماي، كۆك كەپتەرگە ئايلانغانىدى، قىرغىزلار لاچىن بولۇپ ئۇلارنى قوغلىدى، ئىككى تەرەپ راسا ئېلىشىۋاتقاندا

كەچ كىردى. ئۇلار قاراۋۇل قويۇپ بارگاھلىرىغا قايتىشتى.

ئەتىسى جەڭ دۇمبىقى ئۇرۇلۇپ، جەڭ يەنە داۋاملاشتى. چىناچا كۆز ئالدىدا تۇرغان قىرغىزلارنى سىناپ يېڭىلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قوڭغۇربايغا ئىشىنىپ داۋاملىق ئۇرۇشماقچى بولدى. تۈنۈگۈنكى جەڭدە يۈز ئەللىك مىڭ ئادەمدىن ئون توققۇز مىڭ ئادىمى ئۆلۈپ، لەشكەرلەرنىڭ سانى ئازلاپ قالدى. شۇ ئەسنادا قېچىر مىنىپ، گۈرزە تۇتۇپ شاپىراق دېگەن باتۇرى مەيدانغا چىقتى. ئۇ ھەيۋە قىلىپ:

—ماڭا تەڭلەشكۈدەك ئادىمىڭ بولسا كەلسۇن، قايتىپ كېتىشنى ئويلاشما، — دېدى. ئۇنىڭغا قارشى سىرغاق ئاتلىنىپ چىقىپ جان - جەھلى بىلەن بىر كۈن ئېلىشتى، ئەمما بىر - بىرىنى يېڭەلمەي سەپكە قايتىشتى، سىرغاق كېلىپ:

—نۇرغۇن باتۇر بىلەن ئېلىشقان بولسامسۇ، بۇنداق باتۇرنى ئۇچراتمىغان ئىكەنمەن، ئەتە جەڭگە چىقالمايدىغان ئوخشايمەن، —دېدى، ئەتىسى ئىككى تەرەپ قارىمۇقارشى تۇردى. شاپىراق يەنە جەڭگە چىقتى. ئۇ ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان چوۋاق باتۇرغا قاراپ:

—تۈنۈگۈنكى ئادىمىڭ قېنى؟ سېنىڭ جىگەرىڭنى سۇغۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قوياي،— دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ھار ئالغان چوۋاق باتۇر «ماناس» دەپ تۇۋلاپ جەڭگە كىردى. ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ نەيزە سانجىشتى. شاپىراقنىڭ چوۋاققا سانجىغان نەيزىسى سەككىز پارچە بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن شاپىراق تىكىۋېتىشتىن خىجىل بولۇپ، نۆۋەت كۈتمەستىن قىلىچىنى غىلىپىدىن ئالدى. شۇ چاغدا چوۋاق:

—ئابغاننىڭ قائىدىسى مۇشۇنداقمۇ؟، — دەپ مەسخىرە قىلدى. شاپىراق ئامالسىز نۆۋەتنى كۈتۈپ تۇرۇپ بەردى. چوۋاق باتۇر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭغا نەيزىسىنى قاتتىق سانجىدى. ئەمما نەيزە ئوتتۇرىسىدىن سۇنۇپ كەتتى. شاپىراقنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئىگەرنىغانچە ئېسىگە كەلدى. ئىككىسى پالتا بىلەن قاتتىق چېپىشتى. چوۋاق ئۇنىڭ پالتىسىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ تىزىغا چاپتى. شاپىراقنىڭ شىرىقى ئاجراپ، پېيى چۇۋۇلۇپ قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، ھوشىدىن كەتتى.

ئابغانلىقلار سېھىرلەپ كۆندۈرگەن مىڭ ئىت بىلەن چوۋاقنى تالاتتى. ئىتلار ئارقا - ئارقىدىن چوۋاقنى تالاپ، شاپىراقنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. قىرغىز سېھىرگەرلىرىنىڭ سېھرى ئىتلارنى سېھىرلىيەلمىدى. دەل شۇ چاغدا ئالمانبەت ئون باتۇرنى چوۋاققا ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۆزى شاپىراققا قاراپ ماڭدى. ئىتلار ئالمانبەتكە ئېتىلدى. شاپىراقنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چوۋاق ئايپالتىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا چېپىپ مېڭىسىنى چېچىۋەتتى. ياردەمگە كەلگەن ئوتتۇزدەك ئادىمىنى شۇتۇ باشچىلىقىدىكى باتۇرلار ئۆلتۈردى.

بۇ ئىش چىناچاغا قاتتىق ھار كېلىپ، ماناسنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ جەڭگە چاقىردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوت پۇرقىراپ، كۆزىدىن غەزەپ چاچراپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئەلپازى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ، ماناس يېتىپ كەلگۈچە چىدىيالماي:

—چىناچا دېگەن مەن بولىمەن، گۆش پىشىم ۋاقىتقا قالماي سېنى يوقىتىپ، قوڭغۇربايىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىمە، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ چاغدا ماناس:

—كۆرەڭلەپ كەتمە، ھازىرلا بولالماي ئوتتۇرىغا ئەلچى قويىسەن، — دېدى. ئىككىسى يۈزتۇرانە تۇرۇپ ئېلىشتى. نەيزە بىلەن سانجىشىپ، پالتا بىلەن چېپىشىپ، نۆۋەت بېرىپ كۈن - تۈن ئېلىشىپمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ماغدۇرىدىن كەتكەن چىناچا:

—ئاي قاراڭغۇ، يورۇق يوق، قورساقمۇ ئېچىپ كەتتى، ئەتە داۋاملاشتۇرايلى، — دەپ ماناسقا قارىدى. ماناسمۇ ماقۇل بولدى.

چىناچا ئېلىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ جەڭ قىلغۇدەك ھالى قالمىغانلىقىنى، بىر ئوق بىلەن ئوتتۇز ئىتنى ئۆلتۈرگەن بۇنداق باتۇرنى كۆرمەپتىكەنمەن، دەپ قىرغىزلارنى سېھىرلەپ يوقىتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئاپى، ساپى باش بولۇپ ئون سېھىرگەر بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، كەلكۈن كەلتۈرۈپ، ئورەك پەيدا قىلىپ، بۇلۇتلارنى توپلاپ قىرغىزلارنى گالغىچە قارباستۇرۇپ قويدى.

ئالغانبەت چېپى، مىيتىق، كۆرۈڭكۆ قاتارلىق ئون بىر سېھىرگەرنى يىغىپ ئابغانلىقلارنى قارغا باستۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. سېھىرگەرلەر بىزمۇ قوشۇلۇپ توڭلاپ قالمايلى، دەپ بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى يېرىم كۈنلۈك يول ئىدى. ئالمانبەت يەتمىش ئىككى خىل سېھىرنى بىلەتتى، ئۇ ئاسماننى ئالتە خىل ئۆزگەرتىپ شىۋىرغان چىقاردى. كېچىچە قەھرىتان سوغۇق بولۇپ، ئابغانلىقلارنىڭ ئاتلىرى توڭلاپ ئۆلۈپ، پەقەت چىناچانىڭلا ئېتى تىرىك قالدى. ئەتىسى كۈن چىقىپ قارلار ئېرىپ ئابغانلىقلار سۇ ئىچىدە قالدى. چىناچامۇ ئېتى بىلەن سۇدا تۇسۇلۇپ قالدى.

ماناس ئويغىنىپ، جىناچا بىلەن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە جەڭگە ئاتلانماقچى بولغانىدى، قىرغىل «تالاغا قاراپ بېقىڭچۇ» دېدى. ماناس تالاغا چىقىپ قىرغىزلارنىڭ قاردا، ئابغانلىقلارنىڭ سۇدا تۇسۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. غەزەپلەنگەن ماناس:

—بۇ بىر تەڭسىزلىك، سېھىر بىلەن ياۋنى يېڭىش باتۇرلۇق ئەمەس، ئاۋام خەلققە ئۇۋال بولىدۇ، ئالدىنقى قېتىم ئۇلار سېھىر ئىشلەتكەندە، سېنىڭمۇ سېھىر قىلغىنىڭ يوللۇق بولغان، ئەمما بۇ قېتىمقىسى بولماپتۇ، —دەپ چېچىلدى. باقاي ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشەندۈرۈپ ئوبغانلىقلارنىڭ سېھىرگە قارشى ئالمانبەتنىڭ سېھىر ئىشلەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ماناس ئالمانبەتنى چاقىرىپ:

—ياۋ بىلەن ئېلىشقاندا مەردلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇرۇش بىلەن غەلىبە قىلىش كېرەك، بۇنداق ئىشلار بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، ئابغاننىڭ ئېلىنى تېز قۇتقاز، —دېدى. ئالمانبەت ئابغانلىقنىڭ ئېتىدىن باشقا بىرەرىگىمۇ زىيان يەتمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئېتىنى يەلپۈپ سېھىرنى قايتۇرۇپ ئابغانلىقلارنى قۇتقۇزدى.

چىناچا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى بولدى. شۇ چاغدا مۆتۈ دېگەن چېچەن ئادىمى:

—ئات يوق، پىيادە قالدۇق، تونۇگۈن ئۆزىڭىزمۇ ماناستىن تەستە قۇتۇلدىڭىز، راستىنى دېگەندە ئۇلارغا كۈچىمىز يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. جىم ياتماي، ئۆزىمىز تېگىشىپ قويدۇق، جان ھەلقۇمىزغا كېپقالدى، —دېدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىنى قوللاپ، ماناسقا تارتۇق بېرىپ، يارىشىپ قېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇنى ئاڭلاپ چىناچا قاتتىق تېرىكىپ:

—ئەجىلىم توشسا ئۆلەرمەن، قورقۇنچاق ئاتقا قالغۇم يوق، —دەپ پىيادە قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

ماناس باتۇر چىناچا بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشتى. چىناچا يېڭىلىپ قاچتى. ماناس قوغلاپ يېتىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىدىغان چاغدا، چىناچا ماناسنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاسمىسىنى بويىنىغا سالدى، ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ، دېگەندەك، ماناس:

—بولدى باتۇر بولدى، —دەپ كېتىپ قالدى.

ماناس چىناچا بىلەن مۆتۈنى ئىزدەپ يۈرگەن ئاقۇنخانغا ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بەردى. كۆكچىكۆز كارۋان باشلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ماناس ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

## ئالمانبەتنىڭ كۆكچىكۆزنى ئۆلتۈرۈشى، ماناسنىڭ ئايچۈرەككە بەل قۇدا بولۇشى

ئەلقىسسە: ماناس قىرىق چوڭرىسى بىلەن ساراتنىڭ داۋىنى ساربىيىل، كىركىت دۆۋتلەرنى ئېشىپ قەشقەرگە ئاتلاندى. ماناسنىڭ كەينى ئۈچۈپ، چىرايى بىر كۆكىرىپ، بىر تاتىرىپ يول بويى ئېچىلمىدى.

ئالمانبەت بىرقانچە ئادەمنى باشلاپ ماناستىن يىرىم كۈنلۈك يولنى ئۈزىراپ ماڭدى. ئالمانبەت يىراقتىكى ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۇ دۇربۇن بىلەن قاراپ بىرسىنىڭ كۆكچىكۆز ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. يەر ـ جاھاننى قارا تۇمان قاپلاپ، شامال توپىلارنى ئۇچۇرۇپ، ھاۋا قاتتىق بۇزۇلدى. كۆكچىكۆز يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋالدى. ئالمانبەت، سىرغاق، شۇتۇ، ماجىك، ئالبايلار دەرھال يېتىپ كېلىپ كۆكچىكۆزنى ئۆيدىن چىقارماي تۇتۇپ باغلاپ قويدى. جولوينىڭ ماللىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان قانپالاڭ دېگەن پالۋاننى ئالتە ئادىمى بىلەن قوشۇپ باغلىدى. سوراق قىلىش ئارقىلىق كارۋاننىڭ تۆر ئارالدا قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئالمانبەت سىرغاق باتۇرغا تۆت ئادەم قوشۇپ شۇ تەرەپكە بۇيرۇدى. ئۆزى ماجىك بىلەن قالدى. ئالمانبەت سىرغاقنى قەشقەر بىلەن يەركەنلىككە بىلدۈرمەي، ئابغان داۋىنىدىن ئېشىپ، ئون ئالتە كۈن ھېسابىدا داڭدۇڭ باش تېغىدا ئۇچرىشىشنى تاپىلاپ يولغا سالدى.

ئالمانبەت كۆكچىكۆز، قانپالاڭلارنى يەركەن خانى مالابىككە قامىتىپ، ماناسنىڭ كېلىشىنى ساقلىدى. ماناس يەركەندە سەككىز كۈن تۇرۇپ قالدى. ئالمانبەت ماناسقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆكچىكۆزنى كىندىكىدىن باشلاپ قارنىنى يېرىپ، ئىچ ـ قارنىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنى ئىتقا تاشلاپ بەردى. قانپالاڭ باشلىق قالغان ئالتىسىنى كىشەنلەپ مالابىككە تاپشۇردى ۋە ئالتە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىشنى ئېيتىپ، ئۇپالنىڭ داڭدۇڭباش دېگەن تېغىغا قاراپ يول ئالدى.

ماناس لەشكەرلىرىنى باشلاپ داڭدۇڭباش تېغىغا كەلدى. ئۇلار بىرقانچە كۈن دەم ئالغاچ ئوۋ ئوۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقۇنخان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆرگەنچكە قاراپ يول ئالدى.

—تۆت باتۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا كېتىۋاتقان سىرغاق ئۇزۇن قارا ئېدىردا بىر يېتىم تايلاقنى ئۇچراتتى. تايلاق ئۇلارغا ئەگىشىۋالدى. شۇ چاغدا سىرغاق تايلاقنى سىيلاپ تۇرۇپ:

—بۇ يەردە توغراق كۆپ، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، قايتار چېغىمدا كەل، قۇملۇق پادىشاھى قۇمارا ئارسلان ماسقا سوۋغا قىلدى، دەپ ئالغاچ بارىمەن، — دەپ كېتىپ قالدى. ئۇلار ئىككى كۈن، بىر تۈن يول يۈرۈپ چىلانغا كەلدى ـ دە، تۆگىلىرىنى يىغىپ يۈرگەن سودىگەرلەرگە ئۇچرىدى. ئۇلار مىڭ تۆگىگە يىپەك، چاي، ئوتتۇز تۆگىگە چېدىر، ئاشلىق ئارتىپ ماڭغانىدى، ئۇلار كۆكچىكۆز بىلەن قانپالاڭ يولىنى كۆزىتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندا، لاماسى كىتابىنى ئېچىپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلىپ قېلىپ قايتماقچى بولۇشقانلىقىنى ئېيتىشتى. بوز ئوغول ئۇنىڭدىن:

—سەن قىرغىز ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بىچارە ئۆكسۈپ يىغلاپ ئۆزىنىڭ ئېگى ـ

تەكتىنىڭ شائىقايىلىق قىرغىز ئىكەنلىكىنى، ئالوكى مال ھەيدىتىپ ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ئالباي تۆگىچىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ ماڭغان لامانى قوغلاپ بېرىپ ئوقيا بىلەن لامانىڭ تۆگىسىنىڭ پۇتىغا ئاتتى. لاما يىقىلىپ ئۆلدى.

سىرغاق باتۇر ئۆلجىغا ئالغان تۆگىلەرنى يېتىلەپ قارا ئېدىرلىقتا توختاپ تايلاقنى چاقىردى، تايلاق يېتىپ كەلدى. سىرغاق تايلاقتا ئەن سېلىپ ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. ئاشۇ تايلاق ئۇچرىغان يەرگە «كەل تايلاق» دېگەن نام قالدى. بۇلار ئابغاننى نىشان قىلىپ داۋان ئېشىپ يۈرۈپ ماناسقا يېتىشىۋالدى.

باتۇرلار ئاقۇنخاننىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە ئالمانبەت ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر كېلىنىنىڭ بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سېھرىي كۈچكە ئىگە ئالمانبەت بوۋاقتىن نۇر چاچراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بوۋاقنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سورىدى. كېلىن:

بۇ بالىنى ئاقۇنخان ئالتە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ئادەم ئىزى باسمىغان ئېدىردىن يۆگەكلىك بىلەن تېپىۋالدى. دۈمبىسىدە ئىككى قانىتى بار، باشقىچىلا بىر قىز ئىكەن، ئاقۇنخان بۆشۈك توي بېرىمەن، دەپ تۇرغاندا سىلەر كەلدىڭلار، شۇڭا بۇ ئىشنى توختىتىپ تۇردى، ـــ دېدى. ئالمانبەت بالىغا كۆزۈم تەگمىسۇن دەپ كۆرۈشتىن يالتايدى. كۆكۆتەينىڭ نەزىرىدە قوشايدىن دۇئا ئالغان قانىكەي ئوغۇل تۇغۇپ قالسا بۇ قىزنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويساقمىكىن، دېگەن خىيالنى چوۋاققا ئېيتتى.

باقاي باشچىلىقىدىكى ئاتامانلار ئالمانبەتنىڭ بۇ ئويىغا قوشۇلۇشتى. ئالمانبەت ئۆزىنىڭ سېرىق ئالا ئېتىنىڭ بېشىغا پاختا باغلاپ كەينىگە قوڭغۇرباي بىلەن جولۇينىڭ تۆگىلىرىنى چېتىپ ئالمانبەت قودىلىقتا كىردى. قىز بوۋاقنىڭ ئىسمىنى ئالمانبەت ئۆزى ئايچۈرۆك قويدى. ئاقۇنخان ۋە ئايالى زۇلەيخا ئىككىسى خۇرسەن بولۇشتى. ئۇلار ئەل ئىچىدىكى مۇقامچى، نەغمىچىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى راسا ئاچتى. تاماشا ئاخىرلاشقاندا، ئاقۇنخان:

ـــ تۆت خان، قىرىق چۆرە باش بولۇپ كېلىپسىلەر، قۇدىلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە، ماناس، باقاي، چوۋاقلارغا لايىق سوۋغا بەردىم. قىرىق باتۇرغا قىرىق تون، سېرىق ئالا ئاتنى ئالمانبەتكە بەردىم، ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلارسىلەر، ـــ دېدى. ماناس، ئالمانبەتلەر ئادەملىرىنى باشلاپ تالاسقا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار قىلىدىغانغا ئارتۇقچە ئىش بولمىغاچقا كۈندە ئوشۇق ئېتىپ، ئوغلاق تارتىشىپ، تايلاق گۆشى پىشۇرۇپ يېيىشىپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ

## ماناسنىڭ يەتتە خاننى چاقىرىشى

قالماقلارغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان قاپالدىكى قازاق، قىرغىزلاردىكى قوڭغۇرباي لەشكەر ئەۋەتىپ ۋەيران قىلدى. ئالاشتىن باشقا ئۇرۇقلارغا تېگىشمەي ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. يىگىتلىرىنى ھەيدەپ ئاپىرىپ قۇل، قىز ـ چوكانلىرىنى دېدەك قىلدى. ئاۋۇلدا جېنى ئاران قالغان قېرى ـ چۆرىلەر بىلەن كىچىك بالىلارلا قالدى. شۇ قېتىملىق بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئۆيلەي تىرىك قالغانلىرى ئون يىلدىن كېيىن يىغىلىپ قېچىپ يۈرۈپ قىرغىزلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ماناسقا خەۋەر بەردى.

باتۇر ماناس ئالوكېدىن باشلاپ قالماقلارنىڭ ئالاش خەلقىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە، ئۇلارنىڭ تىنچ ياتقان ئەلگە سالغان زۇلۇملىرىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ بېيجىڭگە بېرىپ ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا قەسەم قىلدى.

ماناس ئايالى قانىكەيگە:

ـــ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ، ئەتە ئۆيگە خانلار كېلىدۇ ـــ دېدى. قانىكەي ماناسنىڭ نېمە دې

مەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئىرچوغۇلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇ يەردە تۇرلۇك تاش ئويۇنلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئىككىسىنى سۇسامىرغا بېرىپ ئاتمىش سېغىن ئات ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئاشۇ مەزگىللەردە ئارسلان ماناسنىڭ مال دۇنياسى ئاۋۇغانىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالتۇنى ئاتنىڭ بېشىدەك، ئاق يامبۇلىرى ساينىڭ تېشىدەك، گۆھەرلىرى تۆگە بېشىدەك، كۈمۈشلىرى ھەددى ھېسابسىز بولغانىدى ھەمدە ئوت ياقمىغان ئون ئۆيى، بەش مېھمانخانىسى، ئالتە ئاشخانىسى، گۆش پىشۇرىدىغان ئايرىم ئىككى ئۆيى، يىگىتلىرى كىرىپ چىقىدىغان بىر ئۆيى ھەم قانىكەيگە قاراشلىق ئۆيلىرى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە بەش ئۆيى بار ئىدى، سەلتەنىتى راسا گۈللەنگەنىدى.

ماناسنىڭ ئۆزى تۇرغان ئاق ئۆيلىرى شۇنداق نەپىس بېزەلگەنكى، بوسۇغىلىرى ئالتۇندىن، ئۆينىڭ چىغلىرى يىپەك بىلەن ئورالغان، يانچۇقلىرىنىڭ ئەتەكلىرىگە قۇندۇز تۇتۇلغان، ئىشىكنىڭ سىرتىغا بۈركۈت بىلەن يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۆينىڭ ئىچىگە ئالا كىگىز، ئېيىق كۆرپىسى، پاياندازلار سېلىنىپ چوڭ كىچىك، قېرى ياشلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق بېزەلگەن. بەزى چاغلاردا قانىكەي تۆرىسى بىلەن تۆردە ياتسا، ھاكىم بەگلىرى بىر تەرەپتە ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. كېچەش ئۆتكۈزگەندە يەتتە يۈز ئادەم سىغاتتى.

ئىرچىئوغۇل، بوزئوغۇل ئاتلىنىپ بېرىپ ئاتمىش سېغىن ئاتنى ھەيدەپ كېلىپ ئوردىدىكى ياساۋۇللارغا تاپشۇرۇپ بەردى. قانىكەي ئۆزى باش بولۇپ مالنى سويدۇرۇپ، ئىچ قارنىنى يۇيدۇرۇپ، گۆشىنىڭ ھەممىسىنى پىشۇرادى.

تاڭ ئاتقاندا باتۇر ماناس سىرتقا مېڭىشىغا قانىكەي ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ماناس قورغاننىڭ ئاغزىغا كېلىپ بورۇنچىغا كاناي سۇناي چالدۇرۇپ:

— يەتتە خان دەرھال كەلسۇن! دەپ خەۋەر بەردى.

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كانايلار چېلىنىپ، باشقىچە يېڭى ئەھۋال يۈز بەرگەندە سۇناي چېلىناتتى. بۈگۈن ئىككىسى تەڭلا چېلىنغاچقا نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. «ماناس، نەگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ جائاقئاشتىن ياقۇپ خان، مايبۇلاقتىن باقاي خان، جايىلمادىن يامغۇرچى خان، تەسكەيدىن تېكىچى خان، كەڭ كۇنگەيدىن شىغاي خان، قارا بۇرا چاتقالدىن باتۇر چۇۋاق، چىرگىنىڭ سېرىق تالاسىدىن ئالمامبەت قاتارلىق يەتتە خان يېتىپ كەلدى.

ئوردىنى باققان قىرىق يىگىت خانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئالدى. بايمات دېگەن كىشى ئىشىكنى ئېچىپ خانلارنى ئۆيگە باشلىدى. يەتتە خانغا قوشۇلۇپ قىرىق باتۇر، ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن يەتتە يۈز كىشى ئاق ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. داستىخاننى كەڭ يېيىپ، قەنت گېزەك، بوغۇرساق، يەل يېمىش، قاتلىما، ھەسەل، قورداق قويدى. ساماۋەردە چاي قاينىتىپ، قاشتېشى چىنىدە قايماق چاي راسلاپ مېھمانلارنى راسا كۈتتى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى ئادەمگە بىر تاۋاقتىن گۆش تارتىلدى. تاماق يېيىلىپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن ماناس

— تالاغا چىقىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى. قورغاننىڭ ئالدىدا ئىككى تۈپ چىنار دەرىخى بار ئىدى، ئۇنىڭ سايىسىگە ئات جابدۇقى بىلەن مىڭ ئادەم سىغاتتى. ماناس خانلارنى شۇ يەرگە يىغىپ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇردى. ئوڭ تەرىپىدە باقاي، ئالمامبەت، چۇۋاق، سول تەرىپىدە ياقۇپباي، شىغاي، تېكىچى، يامغۇرچىلار ئورۇن ئېلىشتى. قىرىق باتۇر يىگىرمىدىن بۆلۈنۈپ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇردى. يەتتە يۈز ئادەم سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ماناس سۆز باشلاپ:

— ياقۇپباي بولسا مېنىڭ ئاتام، يامغۇرچى باتۇر قىسمەدىشىم، تېكىچى تەڭتۇشۇم، شىغاي قۇردىشىم،

باقاي خان دوستۇم، قاپلان چۇۋاق مېنىڭ يولۋىسىم، ئالمابەت ئاخىرەتلىك ئاغىنەم، يەنسەيدىن سۈرۈلۈپ، تاشكەنت بىلەن ئەنجاننىڭ ئوتتۇرىسىدا چانا ھەيدەپ، ھارۋا تارتىپ قالماقلاردىن جىق خورلۇق كۆرگەن ئەل ئىدىڭلار، مەن ماناس دېگەن نامغا ئىگە بولغاندىن بېرى ھېچ يامانلىق كۆرمىدىڭلار. ئەمما قوڭغۇرباي دېگەن غالچا قەستەن سۈركىلىپ، بىزگە تىنچلىق بەرمىدى. ئۇنىڭ ئالاشتىن ئالالمىغان قانداق ئۆچى بارلىقىنى بىلەلمىدىم. ئالاش خەلقىم ئۈچۈن قاڭقايغا غازات يۈرۈش قىلىپ، قوڭغۇرباي بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىمەن، ماڭا ھەمدەمدە بولىدىغانلار مەن بىلەن يۈرۈڭلار، دېدى. ئارىدىن ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلماي تارقىلىپ كەتتى. پەقەت باقاي، ئالمابەت چۇۋاق، قىرغىل باشلىق قىرىق كىشى قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ماناس ئالدى بىلەن پۈتكۈل نوغاينى قىرىپ تاشلاپ، ئۆزۈم قانغايغا قارشى ئاتلىنىمەن، دەپ تىترەپ كەتتى.

دانىشمەن باقاي ماناسقا نەسىھەت قىلىپ، ئاچچىقىنى بېسىپ سالماق بولۇشنى ئېيتتى دە، نوغاي خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق ئۇرۇش ۋە چوڭ تويلارغا بىللە بارمىغانلىقىنى، ئۇلار قالماقلاردىن بەك قورقۇپ كەتكەچكە جۈرئەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بېيجىڭگە بېرىش ئۈچۈن باشقا خانلارنى، مەسىلەن، ئات بېشىدىن قوشۇي خاننى، كېۋەز تاغدىن ئېرتۆشتۈكنى، قوقوندىن سىنچىبەگنى، كەتمەن تۆۋىدىن كېركۆكۈلنى، چېدىتوكۇزدىكى ئاغىش خاننى، كېمىندىن ئۈربىنى، ئالماتادىن مۆز پۈرچاقنى ياردەمگە چاقىرىپ بىللە ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ماناس بۇنى ئاڭلاپ

— باقاي، سىز قېرىپ قاپسىز، بۇنچە ئادەمگە قانداق خەۋەر قىلىپ بولغۇلۇق، — دېگەندى، ھاجىباي:

— مەن باراي، دېدى.

سىرغاق باتۇر يەتتە خانغا خەت يېزىپ ماناسنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇپ ئون ئالتە كۈندە كېلىپ بولۇشنى جېكىلەپ ھاجىباينى يولغا سالدى.

ھاجىباي قوش سېلىپ يۈرگەن قوشايغا ئۇچراپ، خەتنى ئۇنىڭغا بەردى. قوشۇي خەتنى ئوقۇپ قاڭغايدىن ئۆچىمىزنى ئالىدىكەنمىز، ماناس ئوبدان ئويلاپتۇ، دەپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ:

— بېيجىڭ قانچە كۈنلۈك يول؟ — دەپ سورىدى. ھاجىباي:

— بېرىش ئالتە ئايلىق، كېلىش ئالتە ئايلىق، دېدى دە، خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇ مازائىل داۋىنىنى ئېشىپ ئارپا تۈزلەڭلىكىنى كېسىپ ئۆتۈپ قانجۇغاننىڭ بويىغا كېلىپ ئېرتۆشتۈكنىڭ ئاۋۇلىنى تاپتى.

يىگىتلەر ھاجىباينى ئېرتۆشتۈكنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. چايدىن كېيىن ھاجىباي خەتنى ئېلىپ ئېرتۆشتۈككە بەردى. ئېرتۆشتۈك خەتنى كۆرۈپلا:

— ئەزىمەت ئۆيدە ياتسىمۇ بىر ئۆلۈم، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاتلىنىپ چىقىپ تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىپ كۆرگەن ياخشى، قوڭغۇرباي باشچىلىقىدىكى قانقايلىقلار قىرغىزلارنى بىر چەتتىن بۆلۈپ، قىر كۆرسىتىپ يۈردى. ئەمدى ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان پۇرسەت كەلدى، ماناس ئىنتايىن ياخشى مەسلىھەت قىلىپتۇ، دەپ خۇش بولدى.

ھاجىباي ئېرتۆشتۈكنىڭ قونۇپ كەت دەپ روزلىشىغا قارىماي ئاتلىنىپ، سىمقاناننىڭ يۇقىرىسىغا مېڭىپ كۆك ئارت تېغىنى بويلاپ تۈن كېچىدە داۋان ئېشىپ، بەزى ئاتلىق، بەزىدە پىيادە يۈرۈپ كۆلۈستۈن توقايلىقىغا كەلدى. بۇ يەردە ياۋا مېۋە، گۈل گىياھلار شۇنداق ئوخشاپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغانىدى. گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن تەڭ ھاجىباي قوقاننىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ باردى. كۈتۈپ تۇرغان قىرىق يىگىت ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە سىنچىبەگ بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى. ھاجىباي ماناسنىڭ خېتىنى بەردى. سىنچىبەگ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بارمىقىنى چىشلىگىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇ چاغدا ھاجىباي:

— بارمىقىڭنى چىشلىمەي ئۇچۇق جاۋاب بەر، ماناسنىڭ بىر چاغلاردا ھارۋا بىلەن يامبۇ ئالغانلىقى ئېسىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى

هاجىباي يول يۈرۈپ كېتىۋاتسا بىر ئادەم ئۇچرىدى. ئۇ كېركۆكۆل ئىدى. ئۇ ماناسنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قالدى. هاجىباي بەرگەننىڭ باياۋىنىدا قىبلىنى نىشان قىلىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ، تاڭ سەھەردە قىزىل بويناققا يېتىپ ئاقساينى ئارىلاپ، كېلىن تايغاق داۋىنىنى ئېشىپ، قويۇق گۈگۈم مەزگىلىدە يەتتە ئۆگۈزگە يېتىپ كەلدى ـ دە، ئاغىشنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى كىردى. ئاغىش كۆكۆتەي خاننىڭ قىزى كۆك مۇنچاقنى يېنىغا ئېلىپ يۇمشاق تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇلار سالاملىشىپ چاي ـ پاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاغىش باتۇردىن «خەت بارمۇ؟» دەپ سورىدى. هاجىباي خەتنى بەردى. ئاغىش خەتنى ئوقۇپ بولۇپ:

— قوڭغۇرباي چىڭغىش خاندىن خەت ئېلىپ، ھەسەنخاندىن دۇئا ئېلىپ بەكلا قۇتراپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىدىغان پەيت كەپتۇ، — دېدى. هاجىباي ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كۆلىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كەتتى. هاجىباي كېمىنىنىڭ يۇقۇرىسىغا مېڭىپ ئىسسىق كۆل تەۋەسىگە كەلدى. سەھەر ئورنىدىن تۇرغان ئۆربۇخان قاشقا چىقىپ دۇربۇن بىلەن قارىغانىدى، يىراقتىن كېلىۋاتقان هاجىباينى كۆردى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە:

— هاجىباي دېگەن قول كېلىۋاتىدۇ، ئالدىغا چىقمىساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى. ئۆزى بولسا كۆرپىنى قېلىن سېلىپ، مامۇققا بېشىنى قويۇپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. هاجىباي توقسانغا يېقىن ئۆيلۈكى بار بۇ ئاۋۇلغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا هاۋشىغىنچە توقسان ئىت ئېتىلىپ كەلدى. ئىتلارنى توسۇۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. هاجىباي قامچا بىلەن ئالدىدا كەلگەن بىر ئىتنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنىدى، باشقا ئىتلار يېقىنلىشىشقا پېتىنالمىدى. هاجىباي ئۆربۇنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇللا كىردى. يەركەننىڭ قىزى جېزبىلەك ئۇنىڭغا سالاممۇ قىلىپ قويمىدى. هاجىباي ئۇدۇلىغا سېلىقلىق تۇرغان يوتقاننىڭ ئۈستىگە كېلىپلا ئولتۇردى. هاجىباي پېشىنغىچە ئولتۇرۇپ ئىچى سىقىلىپ مىس چىلىمدا ئەنجاننىڭ ئاق قورۇما تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ شوراشقا باشلىدى. ئۆربۇ يالغانلاردىن يۆتىلىپ هاجىباينى هازىر كۆرگەن قىياپەتتە:

— سەن قولنى ئۆلتۈرەيمۇ، ئۆچەكىشىپ كەلدىڭمۇ؟ ماناس كۆكۆتەي خاننىڭ نەزىرىدە يۈزۈمنى قامچا بىلەن يېرىۋەتكەندە ئۆلگۈدەك ئىزا تارتتىم، ئەمدى سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ ئاچچىقىمنى چىقىرايمۇ؟ — دەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ هاجىبايغا دېۋەيلىدى، هاجىباي خەتنى ئېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قوش قوللاپ خەتنى سۇندى. خان ئۆربۇ خەتنى ئېلىپ تاشلاپ قويۇپ، بىرھازادىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇدى، خەتتە: «تۇغقانلارنىڭ خاپىچىلىقى يۈزىدە بولىدۇ، يۈرەكتە بولمايدۇ. ئون تۆت خان بېيجىڭگە بارماقچى بولۇۋاتىمىز، ئۆزۈڭنى لەشكەر باشلىقى قىلاي دەيمەن، بېيجىڭنى ئالغاندا خانلىق تەختكە ئولتۇر» دەپ يېزىلغانىدى. ئۆربۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ، بېيجىڭنىڭ ئارىلىقىنى سورىدى. هاجىباي ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپلا قارا كۆرەڭ ئېتىغا مىنىپ ئالماتاغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە قوش سېلىپ يۈرگەن مۇزپۇرچاق خاننى ئۇچراتتى ـ دە، ئۇنىڭغا خەتنى بەردى. مۇزپۇرچاق خەتنى ئوقۇپ بولۇپ:

— قوڭغۇرباي قازاق بىلەن قىرغىزغا پەقەت كۈن كۆرسەتمىدى. قاپالدىكى خەلقنى يېقىندا يەنە بىر قېتىم تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ ئىشلارنى ماناسقا ئېيتىپ باراي دەپ تۇرغانىدىم. كەلگىنىڭ بەك ياخشى بولدى. بېيجىڭ قانچىلىك يىراقلىقتا؟ — دەپ سورىدى. هاجىباي ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

— مېھمان بولۇپ كەت، غازاتقا يۈرۈپ يا ئۆلۈشنى، يا تىرىك قايتىپ كېلىشىمىزنى يالغۇز ئاللا بىلىدۇ، — دېدى مۇز پۇرچاق. هاجىباي:

يەنە باردىغان يېرىم قىلىدىغان ئىشىم بار — دەپ ئۇنىماي يولغا ھاجىباي يۇقىرىقىدەك مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاپ تالاسقا يېتىپ كەلدى. قانىكەي ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھاردۇق چاي بەردى.

## خانلار جەم بولۇپ، باقاينىڭ خان بولۇشى

تاڭ سەھەردە ماناس ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ باغلاقلىق تۇرغان ھاجىباينىڭ كۆرەڭ ئېتىنى كۆردى. ئاتنىڭ سۇۋۇتولۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ ئېگەر - توقۇم، نوقتا يۈگەنلىرىنى پۈتۈنلەي چىقىرىپ، ئاتنى ئوتلاققا قويۇۋەتتى. بوشانغان ئات ئويناقلاپ يىراقلىقتىكى توپىنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى.

ھاجىباينىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولدى. ماناس قىرىق چۆرىسىنى باشلاپ ئوردىغا كىرىپ ئولتۇردى. كۈن چاشكا بولغاندا ھاجىبايمۇ ئوردىغا كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتكارچىلىق قىلىپ خانلارغا يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ماناس ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن رازى بولۇپ ئۇنىڭغا ئايمانبوز ئېتىنى مىنگۈزۈپ قارانوغاي، ئەشتەك، نويغۇت قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، كەلگەن خانلارنى بۆلۈپ مېھمان قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇش ھەققىدە پەرمان يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ھاجىباي ئاتلىنىپ ياقۇپ، باقاي، يامغۇرچى، تېكبېچى، شىغاي، چۇۋاق، ئالامبەتلەرنىڭ ئاۋۇللىرىغا بېرىپ نوغايلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

خەلق شۇنداق تەييارلىق قىلىپ تۇرغاندا سۇسامىر داۋىنىدىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ قوقان خانى سىنچىبەگ ئاتمىش بۆلەك لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنى شىغاي خاننىڭ ئاۋۇلىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن يەتمىش بۆلەك لەشكەر باشلاپ ئېرتۆشتۈك باتۇر يېتىپ كەلدى. ئۇنى يامغۇرچى خاننىڭ ئاۋۇلىغا ئورۇنلاشتۇردى. يىگىرمە بەش بۆلەك لەشكەرنى باشلاپ كەلگەن كېركۆكۈل خاننى تېكبېچىنىڭ ئاۋۇلىغا، توقسان بىر بۆلەك لەشكەر بىلەن كەلگەن ئاغىشنى چۇۋاقنىڭ ئاۋۇلىغا، يەتمىش بەش بۆلەك لەشكەر بىلەن كەلگەن ئۇربۇخاننى ياقۇپباينىڭ ئاۋۇلىغا، سەكسەن تۆت بۆلەك لەشكەر باشلاپ كەلگەن مۇز بۇرچاق خاننى باقاينىڭ ئاۋۇلىغا باشلىدى. كەلگەن خانلارنىڭ ئالدىغا باقاي، ئالامبەت، چۇۋاقلار چىقىپ كۈتۈۋالدى.

خانلاردىن قوشايخان كەلمەي قالدى. بۇنى ئاڭلىغان ناقىلاي كۆكۈتۆينىڭ نەزىرىدە قانىكەي قوشايدىن دۇئا ئېلىپ سەمەتەينى تۇغدى. مەنمۇ ئورۇلمىنىڭ تۆپىسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆيۈمگە قوشاينى باشلاپ دۇئاسىنى ئالاي — دەپ ئۆيلەرنى نارتۆگىلەرگە يۈكلەپ كۆچۈپ كەتتى. بۇنى بىلگەن قانىكەي ئۇستىلارنى يىغىپ توقسان مىڭ كىشى توپلاپ ئىش ھەققىگە بىردىن يىلقا بېرىپ قارلىغاچنىڭ ئىچىگە تۈن كېچە دېمەي قوش ھارۋا ئۆتكۈدەك كۆۋرۈك سالدۇردى. ماناس ئادەملىرى بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. قانىكەي مەيىسگە ئولتۇرۇپ تاز بايىماتقا ھەيدىتىپ ماڭدى. بۇلار كېتىۋاتقاندا ئالدىغا سەكسەن ئالتە بۆلەك لەشكەر ئۇچرىدى. ماناس بۇ لەشكەرگە ئېرچىئوغۇل بىلەن بوز ئوغۇلنى باش قىلىپ ئالامبەتنىڭ ئاۋۇلىغا باشلاپ بېرىڭلار، دەپ يولغا سالدى. ئىككى باتۇر بۇ قوشۇننى باشلاپ كېلىۋېتىپ ناقىلاينى ئۇچراتتى. ناقىلاي قوشۇنىنى سورىغانىدى، قوشۇنىنى قانىكەينىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ناقىلاي شۇ پەردىلا ماغدۇرسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا

قالدى ـ دە، قايتىدىن ئاۋۇلىغا كۆچۈپ باردى.

ماناس باتۇر سانغۇنلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ قولىغا قۇش قوندۇرۇپ، تايغان ئەگەشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قوشۇينى ئۇچراتتى. ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشىپ، چاي ئىچىشىپ بولغۇدەك ئارىلىقتا قانىكەي بىر جۇپ قارا ئاتقا بېزەلگەن هارۋىنى قوشۇپ يېتىپ كەلدى. باقاي بىلەن قوشۇينى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ يېڭى سالدۇرغان كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزدى. ئاققۇلا بىلەن سۇدىن كېچىپ ئۆتكەن ماناس قانىكەينىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ:

— ئالتە يىل كۆڭلۈڭنى بىكار ئاغرىتىپتىمەن، — دەپ قانىكەيگە ئىچى ـ ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى.

خانلار تولۇق كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن قانىكەي تۆت باتۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ گادايلارغا خەزىنىدىكى مال ـ دۇنياسىدىن ئۆشرە ـ زاكات ئايرىپ بېرىشنى ئېيتتى. ھەممىسى بۇ پىكىرنى قوللىدى. بورونچى ئەلگە بۇ خەۋەرنى جاكارلىدى. گادايلارغا بىر تاۋاقتىن زەر، ئېتى يوقلارغا ئات بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. خەزىنىنىڭ ئاغزىنى ئالمابەت بىلەن چۇۋاق بېقىپ تۇردى. ئات بۆلۈشتۇرگەن يەردە سىرغاق تۇردى. قىرىق مىڭ ئادەم ئالتۇن، ئوتتۇز مىڭ ئادەم ئات ئالدى. شۇ چاغدا قىرىق ئۆيدىكى خەزىنىنىڭ ئالتىسى تۈگەپ يەتتىنچىسى يېرىملاشتى، خەزىنىلەر قۇپقۇرۇق قالماستىن ئازراق ئالتۇنلار چېچىلىپ قالدى. قانىكەي بۇنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا دانىشمەن باقاي ئون تۆت خاننى بىر يەرگە جەم قىلىپ كەلگەن ئەللىك تۆت لەك قوشۇنغا بىر خان قويۇشنى ئېيتتى. ماناس باقاينىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپ، ئۆزىنى خان بولۇشقا كۆرسەتتى. ئۆزى ئۆز ئەھۋالىنى چاغلاپ ماناسنىڭ بۇ قىلغىنىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ خانلىقنى باقايغا ئۆتۈندى. ئۇ:

— بېيجىڭنى ئالغاندا، مېنى بىر كۈن بولسىمۇ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ خان قىلىڭلار! — دەپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى. كۆپچىلىك ماقۇل كۆرۈشۈپ باقاينى خان سايلىدى. باقاي خان توقسان مىڭ تۆگىگە كىيىم ـ كېچەك، توقسان مىڭ تۆگىگە ئوزۇق، توقسان مىڭ تۆگىگە ئوق ئارتىپ تولۇق تەييارلىق بىلەن قورغانغا كەلدى.

ناقىلاي قوشۇينىڭ ئۆز ئۆيىدە بىر قونۇپ كېتىشىنى ئۆتۈنۈپ ھەمدە قانىكەيدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن قانىكەينىڭ ئالدىدىن چىقتى. قانىكەي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قوشۇيخانغا ئېيتىپ باقاي، ئەمما زورلىيالمايمەن. قارا بورۇگ ئىككىڭلاردەك يالغاننى قاملاشتۇرالمايمەن، — دەپ كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا قوشۇي باقاي خان بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئەھۋالنى كۆردى. شۇ ئەسنادا قانىكەي كېلىپ ناقىلاينىڭ ئۆمىدىنى قوشۇيغا يەتكۈزدى. قوشۇي ماقۇل بولۇپ ئون تۆت خاننى باشلاپ ناقىلاينىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەلدى

## ماناسنىڭ بېيجىڭگە ئاتلىنىشى، ئالمابەتنىڭ خان بولۇشى

خانلار ناقىلاينىڭ ئۆيىدىن چىقىپ بېيجىڭگە قاراپ ئاتلىنىپ قانىكەينىڭ ئاۋۇلى ئەتراپىغا كەلگەندە ئالمابەت:

— كۈچلۈك ياۋغا قارشى ماڭدۇق، تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى نامەلۇم، قانىكەي بىلەن خوشلىشىپ، يالغۇز ئوغلۇڭنى كۆرۈپ ماڭمامسەن؟ — دېدى. ماناس سۆيۈنۈپ:

— ئارغىماق يىغدىم، ئات يىغدىم، ئاققۇلادەك

بولمىدى. ئەزىمەت يىغدىم، ئەر يىغدىم، ئالامبەتتەك بولمىدى. يالغۇز ئوغلۇڭنى كۆرۈۋالغىن دېگەن گەپنى ئالامبەتتىن باشقا ھېچكىم ئېيتىپ قويمىدى، — دەپ ئالمانبەتكە بولغان رازىلىقىنى بىلدۈردى.

ماناس ئون تۆت خان بىلەن قانىكەينىڭ ئۆيىگە كىردى. قانىكەي ئۇلارغا داستىخان سېلىپ ھەسەل، شېكەر، قېزا، بال قويۇپ ئاق قۇ، قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلدى. دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قانىكەي ئېرچىئوغۇل بىلەن بوز ئوغۇلنى چاقىرىپ، يېنىغا مىس قويۇلغان ساندۇقنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىچىدىن ئون تۆت بوغچىنى ئالدى. بوغچىدىن قىرىق كۈن كىيىپ ياتسىمۇ قىرىدا كىر توختىماس، تىكىشىدە پىت تۇرماس كىيىملەرنى ئېلىپ ئون تۆت خانغا كىيدۈردى. يەنە بىر خالتىدىن ئاق قالپاق ئېلىپ قىرىق يىگىتكە بىردىن بەردى. قانىكەي شۇ چاغدا:

— بۇرۇن قارا قالپاق كىيەتتىڭلار، ئەمدى ئاق قالپاق كىيىپ، ئاق قالپاق قىرغىز ئاتىلىپ قالغايسىلەر، — دېدى. مىنگەن ئاتلىرىنىڭ ھەممىسىگە پۈتۈن بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئوق ئۆتمەس، نەيزە تەشمەس يېپىنچا بەردى، ئايكۆل ماناس كىيسۇن، دەپ تىكىنىڭ تېرىسىنى سايىدا قاتۇرۇپ ئاق پولاتنىڭ ئۇۋۇقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ياسىغان، سوزسا سوزۇلىدىغان، قويۇۋەتسە يىغىلىدىغان تاۋۇلغا، سوكسوك ئوتلىرىدا كۆيمەيدىغان قانداغاي شىمىنى ھاجىبايغا بەردى. «بالاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەيلى» دەپ قوشۇي سەمەتەينى سورىدى. خان قوشۇي ماناسنىڭ ئوغلى سەمەتەينى قولىغا ئېلىپ، ئىككى مەڭزىدىن سۆيۈپ بۇرنىنى سىلاۋېتىپ قولىغا چىققان قىلنى بارمىقىغا يۆگەپ:

— بۇنى تۇمار قىلىپ تاقاپ قويۇڭ، يالغۇز ئوغلىڭىزغا ھەمراھ بولغاي، — دەپ قانىكەيگە بەردى.

سەمەتەينى قىرىق چۆرىنىڭ ھەممىسى سۆيۈپ قويدى. ماناس «بالامغا كۆزۈم تەگمىسۇن، نېرى ئاپىرىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. بالىسىغا مېھرى چۈشمىگەن يەردە بىزگە ھەرگىزمۇ رەھىم قىلمىغۇدەك، دەپ قالغانلار ئۈمىدسىزلەندى.

قانىكەي ئالمانبەتتىن قايسى تەرەپكە سەپەر قىلىدىغانلىقى، قاچان كېلىدىغانلىقىنى سوراپ:

— سەمەتەي يالغۇز قالدى، ئارسلانىمنى ساق — سالامەت قايتۇرۇپ كېلىڭ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا خىتايدىن ئون ئىككى ئون ئۈچ قۇل ئالغاچ كېلىڭ، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئالمانبەت:

— خىتاي كۈچلۈك ياۋ، ئۇلارنى ئاسانلا يەڭگىلى بولمايدۇ، ئارسلاننى قانداقمۇ يالغۇز دەيسىز، ئاتلاشتىن ئالتە قېرىندىشى، بىر قورساق قېرىندىشىدىن ئىككىسى، يەنە نۇرغۇن ئالاش خەلقى بار، ئارسلاننىڭ غېمىنى يېگەن بولۇۋېلىپ خىتايدىن قۇل ئالغاچ كېلىڭ دەمسىز؟ مەن خىتايلىق قۇل بولماي نېمىتىم؟ ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ بېيجىڭگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئالتاي ئۇرۇش قىلىپ، بىر يېرىم يىلدا قايتىپ كېلىشىمىز مۇمكىن. يالغۇز دېگەن سۆزىڭىزگە قاراپ كۆڭلۈمدىن بىرنەرسە كەچكەندەك بولۇۋاتىمەن، ئالمادىس ئۇرۇشتا ئۆلۈپ قالسام كىم ماڭا يىغلاپ، كىممۇ مېنىڭ روھىمنى ياد ئېتەر؟ چىرىغىمنى ياندۇرغۇدەك پەرزەنتىم يوق، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

قاراپ تۇرغان قىرىق باتۇر ئالمانبەتكە تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭغا ناسۋال تارتقۇزدى. شۇ چاغدا ئالمەمەتنىڭ ئايالى ئاروكې كېلىپ ئېرىگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— بالا ئۈچۈن قايغۇرماڭ، بويۇمدا بار.

ئالمامبەت خۇشال بولۇپ ھاياجانلانغان ھالدا قوينىدىن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ ئاروكېگە بەردى ھەمدە ئۇ دورىنىڭ ئەۋلىيا موللىغا قىرىق ئۇرۇق ئەلنىڭ تىلىنى سېھىر قىلدۇرۇپ تەييارلىغان دورا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ:

— ئوغۇل بولسا ئېغىزلاندۇرۇڭ. بىلەرمەن چوڭ بولىدۇ. قىزبولسا ئېغىزلاندۇرماڭ، بالاغا قالىدۇ، — دېدى. ئۇ خان چاغلىرىدا ئىشلەتكەن ئالتۇن كەمىرىنىمۇ بالىغا قالدۇردى.

ئارسلان ماناس ئاقئۇلاغا مىنىپ ماڭغىلى تەمشەلگەندە قانىكەي كېلىپ:

— قاڭقاينىڭ قارا تېغىدىن رۇستەم ئاشىمەن، دەپ ئاللادىن ئەمىر بولمىغاچقا ئارا يولدىن قايتقانىكەن، ئاندىن ئەمىر تۆمۈر بېرىپ بېيجىڭدە ئۆلگەن، سىز ئاشۇ بارسا كەلمەس بېيجىڭگە بارىمەن دەپ ئاتلاندىڭىز، ئۇ يەردە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇرماڭ، خىتاينىڭ قىزىنى ئالماڭ، ھەسەت قىلىنىۋاتىدۇ دەپ قالماڭ، خىتاي ئۇلۇغ ئەل ھېسابلىنىدۇ، ئالمانبەتنىڭ گېپىنى يەردە قويماڭ، مۆچەل يېشىڭىز ئاتمىش بىردە، يا بىر يىل بۇرۇن، يا بىر يىل كېيىن بارماي، دەل مۆچەل يېشىڭىزدا يىراققا سەپەر قىلىۋاتىسىز، بارغان يەردىن ئامان ئېسەن كېلىڭ، خوش سۇلتانىم، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. شۇ چاغدا باشقا بىرى بۇ سەپەرگە بارمايلا قويايلى، دېسە ماناسمۇ ماقۇل كۆرەتتى. ئەمما ھېچكىم ئۇنداق دېمىدى. شۇ چاغدا قىرغىلچال دۇمباقنى قاتتىق ئۇردى، ماناس ماڭدى.

— ماناس باشلىغان ئون ئۈچ خاننىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدى تابىلغا دېگەن يەردە، كەينى بولسا ئون ئالتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بۇرانانىڭ ئويمانلىقىدا كېتىۋاتاتتى. چېرىكلەر ئارقار ئېيتىپ، ئۆردەك قوغلاپ، بېلىق تۇتۇپ ئويناپ چېچىلىپ كەتتى. ئالمانبەت بۇنى كۆرۈپ ماناسقا ئاچچىقلاندى. ماناس يالغاندىن كۈلگەن بولۇپ، بۇ ئىشنى باقايغا دۆڭگەپ قويدى. تابولغانىڭ چوغۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئالمانبەت ماناسقا ئىككى كۈنگە قالماي قوشۇننى يىغىپ بولۇشنى تاپىلاپ، باقاي ئۈچىسى قارا چوققىغا چىقىپ دۈربۈن بىلەن قارىدى. ئالمانبەت ئۇلارغىمۇ دۈربۈننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ مۇزارتنىڭ داۋىنىدىن ئېشىپ قارا شەھەر، قامىل جۇجۇنى ئىلساق، بېيجىڭگە بەش ئايدا يېتىپ بارالايمىز. ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك كۆرۈنگەن ئېشەك ئارت داۋىنىنى ئېشىپ ھەيۋەتلىك قارا تاغ، سۇسىز قاقىرلىقنى بېسىپ ئۆتسەك، بېيجىڭغا ئۈچ ئايدا يېتىپ بارىمىز. سېغىزغان داۋىنىنى ئاشقاندا ئىككى يەردىلا سۇ بار. بۇنداق ماڭساق ئادەم ۋە ئاتلىرىمىزنىڭ يېرىمىلا قېلىپ ئىككى ئايدا بېيجىڭغا يېتىپ بارىمىز. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى قوردوي داۋىنى بىلەن ماڭغاندا بەزىدە سۇ بار، بەزىدە چۆپ بار. بېيجىڭغا ئۈچ ئايدا يېتىپ بارىمىز. قايسى يول بىلەن ماڭساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

باقاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بۇ يوللارنى پەقەت بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خانلىقىنى ئالمانبەتكە ئۆتۈندى. ماناس مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار دەپ، ئۈچىسى ئاتلىرىغا مىنىپ تۈزلەڭلىكتىن بوغا ئۇۋلاپ بارگاھلىرىغا قايتىپ كېلىشتى.

ئەتىسى ماناس خانلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ:

— بېيجىڭنىڭ يولىنى، خەلقىنى سىركىلىرىنى

پىششىق بىلىدىغىنىڭلار بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى. ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. شۇ چاغدا ئالمانبەت ئورنىدىن تۇرۇپ بېيجىڭنىڭ يولىنى، خەلقىنى، سەركىلىرىنى ئېيپى چېپىنى قويماي بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماناس باقايدىن خانلىقىنى ئالمانبەتكە ئېلىپ بەردى. ئالمانبەتخانلىقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن نقوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇلار قاماندۇ دېگەن يەردىكى قالماققا تېگىش قىلىپ قوردوي دېگەن داۋاننى ئاشتى، ئۇلار جىلغىدىن لەشكەرلەرنى بىرمۇ بىر ئۆتكۈزۈپ، ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى قويدى ۋە ئىككى كۈن دېگەندە داۋاندىن ئېشىپ بولدى. قوشۇن بەش كېچە كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر كۈن ئۇخلاپ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يول يۈردى. كۆپچىلىكنىڭ ئۇيقۇسى قانماي، ھاردۇق يېتىپ قاتتىق چارچاشتى. قىرىق چۆرىنىڭ بېشى قىرغىل چال چىدىماي:

ئالمانبەت قۇل، بىزنى ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ماناسقا دەرد ئېيتىپ كەلدى. ماناس ئۇنىڭغا قاراپ قويمىدى. بوز ئوغۇل قىرغىلنى قايتۇرۇپ كەتتى. ماناس قوشۇنىنىڭ دەم ئالماي يول يۈرۈۋاتقانلىقىغا سەكسەن كۈن بولغانلىقىنى بىلىپ قىزغىلنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، قاتتىق توۋلىغىنىچە ئالمانبەتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ماناس كېلىپ:

— جادوچۇدىن يولغا چىققىلى قىرىق بىر كۈن تۈن بوپتۇ، ئادەملەر، ئاتلار ماغدۇرسىزلىنىپ قاپتۇ، دەم ئالدۇرمامدۇ ؟ — دېگەنىدى، ئالمانبەت ئاچچىقلىنىپ:

— مېنىڭ پەرمانىم يارىمىغان بولسا، خانلىقنى ئالامسەن؟ مۇشۇنداقلا ماڭىدىغان بولساق قىرغىزنىڭ ئىشى ئوڭۇشلامدۇ؟ دېگىنىچە كېتىپ قالدى. قىرغىلنىڭ تىلىغا كىرىپ ئالمانبەتتىن گەپ ئاڭلىۋالغان ماناس ئوڭايسىز ئەھۋالغا قالدى.

قوشۇي يەنە داۋاملىق يول يۈرۈپ ئون ئالتە كۈن ئۆتكەندە قوبۇلدۇنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قونۇشقا پەرمان قىلىندى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن چېرىكلەر ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. ئاتلار ئاجات دەرياسىغا قاراپ چاپتى. ئالمانبەت ھاي ھايلاپ ئاتلارنى توسۇۋالالماي « قاڭغاي، قاڭغاي قالداي، قالداي» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. دۈشمەن كەلدى، — دەپ چۆچۈگەن لەشكەرلەر يۈگۈرگىنىچە ئاتلىرىنى تۇتۇپ باغلاشتى.

ئالمانبەتخان ئاي كۈننى ھېسابلاپ قىرمۇزشانىڭ ئوغلى مۇرادىلىنىڭ ھەر يىلى قىزبىلئات دۆۋسىگە قاراۋۇل چىلىققا كېلىپ، قايتىدىغان مەزگىلىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى ئالماق ئۈچۈن ئورغۇن دەرياسىنى كەچتى. ئۇلۇغ سۇ ئالمانبەتنى سارالا ئېتى بىلەن تەڭ ئېقىننى، چوڭ بېيجىڭدە تۇرغان چېغىدا بۇ دەريا بىلەن تونۇشلۇقى بولغان ئالمانبەت ئېتىنى يېتىلەپ قاشقا ساق ـ سالامەت چىقتى ـ دە، دۈشمىنىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، قوشۇنغا قايتىپ كېلىپ دەم ئالدى.

(داۋامى بار)

تەرجىمە قىلغۇچىلار : نۇرنىسا باقى، توختى بوبو ئىساق
مۇھەررىرى: ياسىن زىلال

# تىلشۇناس لى سىن

يۈسۈپ ئىگەم



تىلشۇناس، تەرجىمىشۇناس لى سىن 1928 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئاتا ئەجدادى خېبېينىڭ خېجىشۇي دېگەن يېرىدىن. ئانىسى ئۇيغۇر. لى سىن يەتتە ياشتا ئاتىسى قازا قىلىپ كېتىپ خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپكە كىرگەن. ئۇ ئون ياش ۋاقتىدا ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەگىشىپ قەشقەرگە يەتتە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك بارغان، تارتمىغان جاپاسى قالمىغان. ئۆسمۈر لى سىن شۇ سەرسانلىق جاپاسىدا يەتتە شەھەر ۋە قەشقەردە بىرنەچچە خىل تىلنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. ئۇ دەسلەپتە قەشقەردىكى شۋېدلەر چىركاۋى مەكتىپىدە، كېيىن مىنگونىڭ جامائەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ زۆرۈرىي دەرسلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر تىلنى تېخىمۇ سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. مەكتەپتە تۈركىيىلىك زىكرىيا ئەپەندى ئۆسمۈر لى سىنگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۇيغۇرچە كۈندىلىك خاتىرە يازغۇزۇپ يېزىقچىلىق قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئىپادىلەش قابىلىيىتى بارغانسېرى ئۆسىدۇ. 1930 - يىللاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا رەھبەرلەرنىڭ كۆزىگە تېز كۆرۈنۈپ، مەكتەپ ئىچىدىكى تۈرلۈك تەرجىمە خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. دەرسخانىدا ئىجتىمائىي پەن دەرسلىرىنىڭ ياندىن تەرجىمە قىلىپ بەرگۈچىسى بولىدۇ. ئاخىرىدا خەنزۇچە ماتېرىياللار ئارقىلىق جۇڭگو تارىخىنى بىۋاستە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ. چىمىن يۈۋېن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرچە - ئورۇسچە لۇغەت» نى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتنىشىدۇ، بۇ لۇغەت 1938 - يىلى نەنجىڭدە خەنزۇچە نەشر قىلىنىدۇ. ئۇ 1939 - يىلى سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. 1940 - يىلى ئۇ «ھەرقايسى خاتىرە كۈنلەرنىڭ يىغىندىسى» نى ئېلان قىلىدۇ. «ياپونغا قارشى دەۋردىكى مائارىپ ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنى خەنزۇچە شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياشىغان يەرلەردىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ بايقىلىشى ۋە كېيىنكى تەتقىقاتلاردىن جۇڭگولۇقلارنىڭ مەھرۇم قىلىنىشى ياش لى سىندە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتىدۇ. لى سىن بۇ چاغدا ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ قىممەتلىك فولكلور جەۋھەرلىرىنى خەنزۇ خەلقىگە تونۇشتۇرۇشقا باشلاپ، 1947 ـ يىلى ئەتىيازدا لەنجۇدا چىقىدىغان «مىنگو كۇندىلىك گېزىتى» دە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانمىلارنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە «ئۇچراشقاندا»، «دېڭىز ئاستىدىكى جۇدۇن»، «شەپەق» دېگەن نەسرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1943 ـ يىللىق «بوغدا» سەھىپىسىدە ئېلان قىلدى. 1947 ـ يىلىدىكى شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىدە مۇھەررىر بولۇپ دەرسلىك تۈزىدىغان خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نەنجىڭگە بېرىپ، گومىنداڭ مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارىمىقىدىكى چېگرا رايون مەدەنىيەت ـ مائارىپ سارىيىدا «ئۇيغۇر فىلولوگىيىسىدىن لېكسىيە» دەرسلىكىنى نەنجىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى، ئوتتۇرا، يۇقىرى سىنىپلىرى ئۈچۈن تۈزدى. 1948 ـ يىلى نەنجىڭدە چېگرا رايون ئىلمىي جەمئىيىتى چىقارغان «جۇڭگو چېگرا رايونى» مەجمۇئەسىدە «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشاقلىرىدىن تاللانما» نى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى قائىدىلىرىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ 1948 ـ يىلى نەنجىڭدە دۆلەتلىك چېگرا رايون مەدەنىيەت ـ مائارىپ سارىيى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لى سېن نەنجىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چېگرا رايون ئانتروپولوگىيە فاكۇلتېتىغا لېكتورلۇققا تەكلىپ قىلىنىپ، «ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى» دەرسىنى ئۆتتى، 1951 ـ يىلى 28 ياشلىق لى سېن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تىللار فاكۇلتېتىدا «ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»، «ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش» دەرسلىكىنى تۈزدى. 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ ئىككى قىسىملىق «ئۇيغۇرچە خەنزۇچە ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» تۈزدى ھەمدە 1955 ـ يىل، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» (1956)، «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتىكىلىرىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى»، «ئۇيغۇر تىلى بىلەن قىرغىز تىلىنىڭ سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى» (1962) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى ۋە 1957 ـ يىلى «قەدىمكى ۋە يېقىنقى تۈركىي تىللار» ناملىق كىتابنى رۇسچىدىن خەنزۇچىغا، 1956 ـ يىلى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋەزىيەتتىن ئاساسىي بىلىملەر لېكسىيىسى» نى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا، 1957 ـ يىلى «ئاسىيا ـ ئافرىقا خەلقلىرى غەلىبىگە ئىلگىرىلىمەكتە» نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا، «بېلىقچىنىڭ ئوغلى» ناملىق بالىلار ئوقۇشلۇقىنى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ يەنە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «تەرجىمە دەرسلىكى»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە تەرجىمە دەرسلىكى»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە تەرجىمە ئەمەلىيىتى دەرسلىكى» قاتارلىق دەرسلىك ۋە كىتابلارنى تۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى 1954 ـ يىلىلا «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانا خەۋەرلىرى» دە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، موڭغۇل تىلى، رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى، قىرغىز تىلىنى بىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ۋە چەت ئەل تىل مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە 30 غا يېقىن ماقالىنى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلدى.

# «ئابلىمىت سادىق، ئابدۇكېرىم راخمان ئىجادىيىتى، ئىلمىي نەتىجىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى





2001 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان، پېشقەدەم شائىر، ئاتاقلىق ژۇرنالىست، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى، ئالىي مۇھەررىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، «تارىم» «مىراس» ژۇرناللىرىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئابلىمىت سادىق بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پروفېسسور، فولكلورشۇناس، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ۋە ئۇلارغا تون ـ دوپپا كىيدۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ ئەيسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇبىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھېيتەم ھۇسەيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قورۇلتىيىنىڭ سابىق باش كاتىپى مەمەت ئىسمائىل، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پېشقەدەم شائىر، تىل ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىق رەھبەرلەر ھەمدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى، ئاخبارات ـ نەشرىيات ئورۇنلىرى، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى، ئەدىب ـ سەنئەتكارلار، ژۇرنالىست، مۇھەررىرلەر، تەتقىقاتچى ئالىملار، پروفېسسور، ئوقۇتقۇچىلار ۋە بىر قىسىم كارخانىچىلار بولۇپ 250 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى.

يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال رىياسەتچىلىك قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلەشمە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، پروفېسسور ھېيتەم ھۇسەيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسەتىگە ۋاكالىتەن يىغىننى موبارەكلەپ تەبرىك سۆزى قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ ئەيسا سۆز قىلىپ، ئابلىمىت سادىق، ئابدۇكېرىم راخمان - ئىككى ھۆرمەت ساھىبىنى موبارەكلىدى ۋە يىغىنغا قاتناشقان ۋە قاتنىشالمىغان بارلىق ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

يۇسۇپ ئەيسا، ئايۇپ تېيىپ، لىيۇبىڭ، ھېيتەم ھۇسەيىن قاتارلىق رەھبەرلەر گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە پېشقەدەم شائىر ئابلىمىت سادىق بىلەن ئابدۇكېرىم راخمانغا تون - دوپپا كىيدۈردى. يىغىن ئەھلى ئابلىمىت سادىق، ئابدۇكېرىم راخمانغا قۇچاق - قۇچاق گۈلدەستىلەرنى سوۋغا قىلدى. شىنجاڭ مورتوم مەتبەئەچىلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى ئابدۇراخمان ئەپەندى ئابلىمىت سادىق بىلەن ئابدۇكېرىم راخمانغا بەش مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن كۆڭۈل سوۋغىسى قىلدى. ئاتاقلىق ئاۋاز ئارتىسى ئابدۇقەييۇم ئىمىن پېشقەدەم شائىر ئابلىمىت سادىقنىڭ «ئەل ۋە مەن» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ يىغىن ئەھلىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى، پېشقەدەم شائىر مەمتىلى زۇنۇن ئۆزىنىڭ «ئىككى غەۋۋاس» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. پېشقەدەم شائىر، تىل ۋە ئەدەبىياتشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال، شائىر قۇربان بارات، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋاڭ باۋ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە فولكلور تەتقىقاتچىسى دوتسېنت غەيرەتجان ئوسمان، يازغۇچى ئەخمەت توردى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نىڭ ئالىي مۇھەررىرى سۇلتان ھاشىم قاتارلىق پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش مۆتىۋەرلەر ماقالە ئوقۇپ ياكى سۆز قىلىپ پېشقەدەم شائىر ئابلىمىت سادىق بىلەن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، «شىنجاڭ ياشلار. ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، دېھقانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى، قاتارلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن بارلىق ئىلىم ئەھلىگە بىلدۈرگەن بىر قېتىملىق ھۆرمەت يىغىنى بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقان ھەر ساھە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى. يىغىن كۈن تەرتىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ غەلىبىلىك تاماملاندى.

نۇرنىسا باقى